4



# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

## 4

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەخمەت ھەممت
ياسىن زىلال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى (4)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشرگە تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەخمەت ھېمىت، ياسىن زىلال
[illegible]

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 7.625
1993 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—4,000
ISBN 7—228—02131—2/I•812
باھاسى: 2.50 يۈەن

## مۇھەررىردىن

«ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (4) گە «شاھزادە نىزا-مىدىن ۋە مەلىكە رەنا»، «شاھ ئادىلخان»، «شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلرىز» ناملىق ئۈچ داستان كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستانلاردا ساپ مۇھەببەت يولىدا ياۋۇزلۇققا، رەزىللىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر ۋە ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن.

# شاھزادە نىزامىدىن ۋە مەلىكە رەنا

شېرىن سۆزلۈك سۇخەندانلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شام شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى مەقسۇت شاھ ئىدى. ئۇنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بولۇپ، ئىسمى مەلىكە رەنا ئىدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئەقىللىك قىز ئىدى. مەلىكە رەنا چوڭ بولۇپ يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە بەردى. مەلىكە كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلىكە رەنا گۈلدەك ئېچىلىپ بويىغا يەتتى. شاھزادە، بەگزادىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچى ئەۋەتتى، لېكىن مەلىكە قوبۇل قىلمىدى. مەلىكە: «مېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان كىشىنىڭ تۈرلۈك ئىلىملەردىن خەۋىرى بولۇشى كېرەك. مەن ئۆزۈمنى شۇنداق كىشىگە قوبۇل قىلىمەن.» دەپ ۋەدە بەردى.

بىر كۈنى مەلىكە رەنا كېنىزەكلىرى بىلەن چاھار باغقا كىرىپ، سەيلە - تاماشا قىلدى. مەلىكە شېرىن خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى ئويقۇغا كەتتى، ئۇ مۇنداق بىر چۈش كۆردى:

مەلىكە چاھار باغدا ئويناپ يۈرگۈدەكمىش. كېنىزەكلەر قىزىرىپ پىشقان ئانارلارنى ئۈزۈپ، مەلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى توشقۇزۇپتۇ. مەلىكە خۇشاللىقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقۇدەكمىش. بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بارمىش. مەلىكە كۆلگە قاراپ، ئانارلارنى ئويناپ ئولتۇرغانمىش.

جاۋاب بېرىپ سىز مېنى خۇرسەن قىلىڭىز،
بىر قارا قۇش قېشىمدا سەيلان ئەيلىدى.

تولغان ئىكەن ئۇ يىگىت ئەقلى ئىلىمغا،
سالار بولدى پایانداز ماڭغان يولۇمغا.
بىر گۆھەرنى بەردىلەر مېنىڭ قولۇمغا،
ئىشقۇ ھىجران جېنىمدا سەيلان ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن يارىمنى ماڭا كۆرسەتكىن،
ئەمدى مېنىڭ جېنىمدىن ئۈمىد ئۈتمىغىن.
مۇنداق ھىجران ئۇتىدا مېنى قويمىغىن،
ئىشقۇ ھىجران باغرىمنى بىريان ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمدە يارىمنى كۆردۈم،
گۆھەر سىلىپ بېشىمغا ئۈزۈمنى قويدۇم.
ئالتۇن كېمە بېلىمدە يارىمنى كۆردۈم،
ئىشقۇ ھىجران جېنىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

مېنىڭ كۆرگەن چۈشۈمنى قىزلار بىلمىسۇن،
دەردى بولسا ئاشىقنىڭ ھەرگىز كۈلمىسۇن.
مەندىن ئۆزگە قىزلارغا ھىجران سالمىسۇن،
بۈگۈن مېنىڭ جېنىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، باغۇەن ئانا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
مەلىكىگە:
— ئەي مەلىكەم، سىز ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپسىز.
ئەتە خوجا نەسىردىن بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆرگەن

بۇ چاغدا ئاسماندا بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ، مەلىكىگە قاراپ ئېتىلىپتۇدەك. مەلىكە بۇنىڭدىن قورقۇپ «ۋاي - داد!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىكەن، ئېتىكىدىكى ئانارلار كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. مەلىكە ئانارلارنى سۈزۈپ ئالىمەن دەپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنمىش. كېنىزەكلەر مەلىكىنى كۆلدىن ئېلىپ چىقىپ، ئانارلارنى سۈزۈشۈپتۇدەك. دەل شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى قامەتلىك بىر يىگىت پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ يىگىت مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى سۇنغانىكەن، مەلىكىمۇ يىگىتكە ئىككى قولىنى سۇنغانمىش.

دەل شۇ چاغدا مەلىكە ئويغاندى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپ، ئۇ يىگىتكە ئاشىقى بىقارار بولدى. مەلىكە چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. ئۇ باغۋەن ئانىنى چاقىرىپ، چۈشىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى.

نەزمە:

بىر - بىر بايان ئەيلەي كۆرگەن چۈشۈمنىمە
يىگىت كېلىپ ئالدىلار ئەقلۇ ھوشۇمنى.
ئاللا ئۆزى ئۇچۇرغاي مېنىڭ بېشىمنى،
ئەقلىم ئېزىپ بۇ باغدا ھەريان ئەيلىدى.

باغۋەن ئانا مەن ئېيتاي سىزگە بىر بېيىت،
مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمنى بىر - بىرلەپ ئىشىتە
تۇرار ئىدى قېشىمدا بىر خۇش خۇي يىگىتە
ئېلىپ مېنىڭ ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدى.

باغۋەن ئانا چۈشۈمگە تەبىر بەرسىڭىز،
بىر - بىر ماڭا سۆز بېرىپ تەخىر قىلماڭىز.

يارىم بىلەن تۇرغان جايىم،
خۇش مەنزىللەر ئېسەن قالدى.

ناماز خۇپتەندىن كېيىن باغۇەن ئانا بىلەن مەلىكە يۈز تىللا پۇل ئېلىپ، خوجا بۇزرۇكۋار قېشىغا راۋان بولدى، ئۇ ئىككىسى خوجا بۇزرۇكۋارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەلىكە يىغا-زار قىلغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئەرزىمنى ئىشتىڭلار ئەزىز ئىشانىم،
قايغۇ-مېھنەتكە چۆمدى مېنىڭ بۇ باشىم.
بىزگە تەبىر ئېيتسۇنلار ئۇلۇغ ئىشانىم،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر بولدى نەيلەيىن.

قولۇمدىكى ئانارىم كۆلگە چۈشتىلەر،
كېنىزەكلەر كېلىبان كۆلگە چۈشتىلەر.
ئانار كېلىپ بۇ كۆلدە تېترەپ تۇردىلەر،
كۆكتىن كەلگەن قارا قۇش ئېلىپ كەتتىلەر.

مېنىڭ مۇندا قالمىدى ئەسلا مادارىم،
تېنىمدە قالمىدى سەۋر قارارىم.
تەبىر ئېيتىڭ بىزلەرگە مۇندا ئىشانىم،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر بولدى نەيلەيىن.

قىرىق كېنىزەك يانىمدا باغۇەن ئانادۇر،
بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدىلار باغرىم يارادۇر،
بېشىم بىلەن يۈرىكىم ئېقىپ بارادۇر،
بىزگە مۇنداق قىسمەتلەر بولدى نەيلەيىن.

چۈشىگىزنى ئۇنىڭغا دەيلى. ئۇ كىشى بىرەر تەبىر بەرسە ئەجەپ ئەمەس، — دېدى.

مەلىكە باغۋەن ئاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

تەتۈر پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.
بۇلبۇل كەتتى بۇ بىغىمدىن،
چىمەنزارلىق باغلار قالدى.

مۇندا قالدى ۋەتەن جايىم،
غېرىب بولدى چاھار باغىم.
يارىم بىلەن ئۆتكەن جايىم،
قەدىم گۈزەل جايلار قالدى.

ئاسان قىلغىل بۇ مۈشكۈلنى،
يېقىن قىلغىل بۇ مەنزىلنى.
ئۇچۇردۇم مەن بۇلبۇللارنى،
بىغىم ئىچىدە داغلار قالدى.

باغۋەن ئانا مېھرىبانىم،
بۇزدى مېنىڭ كۆڭۈل داغىم.
ئوينىاپ ئۆسكەن دوستۇ يارىم،
يۈرىكىمدە داغلار قالدى.

مەندىن ئۆتتى بۇ دەۋرانىم،
ئىچىمدە كۆپ بۇ ئارمانىم.

بۇزرۇكۋارغا قالدۇرۇپ، ئۇردىغا قايتىپ كەلدى. مەلىكە ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى خەزان شەھىرىدىن ئاڭلاڭ.

خەزان شەھىرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى بەھرام ئىدى. پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمىنى نىزامىدىن ئاخۇن دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ يەتتە ئاكىسى بار ئىدى.

بىر كۈنى قىرىق سودىگەر شام ۋىلايىتىگە سودىغا بارماقچى بولدى. سودىگەرلەردىن بىرى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇنغا:

— ئەي شاھزادە، پادىشاھلىق دېگەن ۋاپا قىلمايدۇ. تاجى دۆلەت ئاتىڭىزنىڭ قولىدىكى چاغدا بىز بىلەن سودا قىلىپ، سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىۋېلىڭ. بىز خىزمىتىڭىزدە بولايلى، — دېدى. شاھزادە نىزامىدىن بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆردى. شاھزادە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، شەھىرىمىزدىن قىرىق سودىگەر شام شەھىرىگە سودىغا بارىدىكەن. ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ، سودا قىلىشنى ئۆگىنىپ كەلسەم، — دېدى.

پادىشاھ ئوغلىنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولدى. ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە قىرىق تۆگە مال تەييارلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن يىگىرمە چاكارنىڭ ھەمراھلىقىدا سودىگەرلەر بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ شام شەھىرىگە يېتىپ كې-

خوجا بۇزرۇكۋار مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بالام، ئانار دېگەن يۇرەكنىڭ دەرمانىدۇر. قارا قۇش دېگەن ئۇلۇغلاردىندۇر. غەم قىلماڭ. يەنە قىرىق كۈندىن كېيىن مۇرادىڭىز ھاسىل بولىدۇ. سىزگە غايىبتىن نىكاھ كېلىدۇ. سەپەرگە چىقىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. سەدىقىلەرنى كۆپ بېرىڭ، خۇدا خالىسا مۇرادىڭىز ھاسىل بولغۇسى. — دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

ساڭا كەلگەن قارا قۇش رۇھۇل - ئەمىنىدۇر،
كۆلگە چۈشكەن ئانارىڭ ساڭا دەۋرانىدۇر.
پەرۋاز قىلغان قارا قۇش سېنىڭ زۇلمىڭدۇر،
بىر كۈن بولۇر نادامەت خەۋەر ئەيلىسەم.

ئانار ئېلىپ كەلگەنلەر سېنىڭ ياردىڭدۇر،
گۆھەر باشىڭ قويغانلار سېنىڭ تاجىڭدۇر.
سېنى بوسە قىلغانلار ساڭا ھىجراندۇر،
بىر كۈن بولۇر نادامەت خەۋەر ئەيلىسەم.

پەرۋاز قىلغان قارا قۇش ئاسمانغا بېقىپ،
ساڭا كېلۇر دۈشمەنلەر مۇندا كۆپ رەقىب.
نالە قىلىپ چىقارسەن ئۆزۈڭ ئاھ ئۇرۇپ،
بىر كۈن بولۇر نادامەت خەۋەر ئەيلىسەم.

— ئەي بالام، بېشىڭىزدا تۈرلۈك خەتەرلەر بار، يەتتە كۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىڭ، — دېدى.

مەلىكە بىلەن باغۋەن ئانا مىڭ تىللا پۇلنى خوجا

قايسى باغنىڭ بۇلبۇلىسەن؟
مېنى ئوتقا ھەم سالىسەن.
قايسى ئەلنى كۆيدۈرسەن؟
بىلمەسمە جايىڭ قايدىدۇر؟

سېنى كۆردۈم ھۆسنۈڭ تالىپ،
ماڭا بولدۇڭ سەن مۇناسىپ.
كەتسەڭ ئەمدى مېنى ئېلىپ،
بىلمەسمە جايىڭ قايدىدۇر؟

مېنى سورىساڭ ئېيتىم رەنا،
سېنى كۆرۈپ بولدۇم شەيدا.
ماڭا سەندەك يارىم قايدا،
بىلمەسمە جايىڭ قايدىدۇر؟

ماڭا ئېيتقىن سەن سۆزۈڭنى،
ماڭا بەرگىن سەن خۇيۇڭنى.
ئەمدى قىلغۇم مەن تويۇمنى،
بىلمەسمە جايىڭ قايدىدۇر؟

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇنى ئاڭلاپ ئەس- ھوشىنى يوقىتىپ قويدى. مەلىكە رەناخاننىڭ ئىشقى نىزامىدىن ئاخۇننىڭ يۈرىكىدىمۇ ئوت ئالدى. بۇ چاغدا مەپكەش ماڭماقچى بولدى. مەلىكە:

— ئەي مەپكەش، سەل تەخىر قىلغىن. ئۇ يىگىتتىن جاۋاب ئېلىپ، كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلاي، — دېدى. بۇ چاغ-

لىشتى. سودىگەرلەر شەھەرگە كىرىپ، بىرسارايغا چۈشكەندىن كېيىن سودىغا تۇتۇش قىلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى مەلىكەدىن ئىشىتىڭ.

مەلىكە بىر كۈنى باغۋەن ئانىغا:

— ئەي ئانا، بۈگۈن شەھەرگە ھەممە ئادەم يىغىلىدۇ. ماڭا بىر مەپە تەييارلاپ بېرىڭ. بازارنى ئايلىنىپ كەلسەم، ھىجران دەردىدىن ئازراق بولسىمۇ ئارام تاپارمەن، — دېدى.

باغۋەن ئانا:

— ئاتىڭىز ئاڭلاپ قالسا، بېشىم ئۆلۈمگە كېتىدۇ، — دېدى.

مەلىكە:

— ھېچكىم ئۇقمىسۇن. تېز بولۇڭ، — دەپ باغۋەن ئانىغا يۈز تىللا بەردى.

باغۋەن ئانا بىر مەپىكەشنى ئېلىپ كەلدى. مەلىكە ياسىنىپ، گۈلجامال ئىسىملىك كېنىزەكنى ئېلىپ، بازارغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بازار سەيناسىغا كەلدى. مەلىكە مەپىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ قارىسا، ئالتۇن كەمەر باغلىغان بىر يىگىت سودا قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ چۈشىدە كۆرگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. ئۇ مەپىكەشنى توختىتىپ، يىگىتكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

قايىدىن كەلگەن ھەم بەندىسەن،
ھۆسنۈڭگە تالىپ بەندىمەن.
ئېلىپ كەتسەڭ يارىڭدۇرمەن،
بىلمەسمە جايىڭ قايىدىدۇر.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەلىكە رەناخان خۇشال بولۇپ يۈزىنى ئاچتى. مەلىكىنىڭ جامالىدىن ئالەم تېخىمۇ يورۇپ كەتتى. شاھزادە مەلىكىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەلىكىگە بولغان ئىشقى ئوتى مىڭ ھەسسە ئاشتى. مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

مېنىڭ مۇندا باغۇنىم بار،
ئوردا ئىچرە خۇش جايىم بار.
خىزمىتىمگە كېنىزەك بار،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ئوردا ئىچرە چاھار باغىم،
ساڭا تۇردى بۇ ئاتارىم.
مېنىڭ باردۇر تىلا سازىم،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ساڭا سەندەك گۈللەر بولسا،
نەزەر سېلىپ قاراپ تۇرسا،
بۇلبۇل بولۇپ سۆزلەپ تۇرسا،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

ساڭا ئېيتقىن سەن سۆزۈڭنى،
كۆرۈپ ئالاي گۈل يۈزۈڭنى،
ساڭا بېرەي گۈل بېغىمنى،
كەلسەڭ، جانىم، خۇش جايىم بار.

دا ىزامىدىن ئاخۇن ھوشىغا كېلىپ، رەناخانغا قاراپ بۇ
لەزىنى ئوقۇدى. نەزمە:

مېنىڭ شەھرىم خەزان شەھرى،
سېنىڭ ئىشقىڭ ماڭا تەگدى.
ئەمدى قىلسام مۇندا نالە
جامالىڭنى كۆرەرمەنمۇ؟

مېنى سۆرىساڭ شاھلار شاھى،
مەندىن كەتتى تەن ماجالى.
سېنى كۆرسەم ئاي جامالى،
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ؟

مېنى مۇندا ئوتتا قويدۇڭ،
بۇ جانىمغا ئۇۋال بولدۇڭ.
ھىجران ئوتىغا مېنى سالدىڭ،
مەقسىتىمگە يېتەرمەنمۇ؟

سېنىڭ جايىڭ قايسى جايدۇر؟
راستىن سۆزنى بىزگە كەلتۇر.
بارغان يولنى ماڭا بىلدۇر،
تۇرغان جايىڭ تاپارمەنمۇ؟

كىشى بىلمەس بۇ ئىسرىمنى،
باشقا ئالدىم مەن ئۆلۈمنى.
قىرىق كۈن قىلاي مەن تويۇڭنى،
مەقسىتىمگە يېتەرمەنمۇ؟

ئىشق ئوتىنىڭ سەن پىلتىسى،
ئوتنى ياقار كۆڭۈلدۇر بۇگۈن.

مېنى سالدىڭ ئىشق ئوتىغا،
يارىڭ بارمۇ مەندىن باشقا.
يارىڭ بولسا كېتەي يۇرتقا،
ئاخىر جۇدا كۆڭۈلدۇر بۇگۈن.

بۇ چاغدا مەيكەش مېگىشقا ئالدىرىدى. مەلىكە بىر-ئاز توختاپ تۇرۇشنى ئېيتتى. مەيكەش:
— ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ سۆزى تۈگىمەيدۇ. مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش، — دەپ ماڭماقچى بولدى. مەلىكە رەناخان مەيكەشكە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

بۇگۈن تاپتىم مەن يارىمنى،
ساڭا ئېيتاي بۇ ھالىمنى.
كۆرۈپ ئالاي مەن يارىمنى،
جۇدا بولماق يامان كۆڭۈلدۇر.

ئاشىقلىقنىڭ يولى يامان،
گۈل بېشىمدا تۇرلۇك تۇمان.
جۇدا بولماق ئاندىن يامان،
جۇدا بولماق يامان كۆڭۈلدۇر.

مېنى ئىلىپ كەتسەڭ باغقە،
يارىم قالۇر مۇندا يەككە.

مېنى قىلماق مۇندا دەرمان،
ئوردا ئىچرە سەرى سامان،
سىنى كۆرمەي قىلدىم نالان.
كەلسەڭ جايىم، خۇش جايىم بار.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن:
— ئەي مەلىكە، مەن مۇساپىرمەن. ماڭا راست گىپىڭىزنى دەڭ. ئەتە قايتىمىز. مېنىڭ شەھرىم بۇ شەھەرگە ئون سەككىز كۈنلۈك يول. جاۋابىڭىزنى ئېلىپ قايتاي، — دېدي. ئاندىن بۇ ئوتلۇق نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئاشىق بولدۇم گۈل يۈزۈڭگە،
پەردە تۇتما ئاي يۈزۈڭگە.
ئەمدى چۈشتۈم مەن كويۇڭغا،
ھالىم سورار كۈندۈز بۈگۈن.

كەلمەس ئىدىم بۇ شەھرىڭگە،
ئوتنى ياقتىڭ بۇ تېنىمگە.
ئاشىق بولدۇم سىز خېنىمگە،
ھالىم سورار كۈندۈز بۈگۈن.

سىنى كۆردۇم بولدۇم شەيدا،
ئىشقى ھىجران قىلدىڭ پەيدا.
ماڭا سەندەك گۈللەر قايدا،
ھالىم سورار كۈندۈز بۈگۈن.

قايدىن كەلدىڭ گۈل غۇنچىسى،
يارىڭ بارمۇ يا ئەلچىسى،

يېرىم يولدا قالمىسۇن سۆزلىرىم باقى،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز بۇگۈن گۆلزارىم.

مەلىكە رەناخان بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن:

— مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىر. مېنىڭ جېنىم سىز ئۈچۈن پىدا. سىزنى ئالماي، بۇ شەھەردىن كەتمەسمەن. مېنىڭ قىرىق تۆگىدە مېلىم بار. ئۇنىڭ ھەممىسىنى سىز ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن. سىزنىڭ تۇرار جايىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ چاھار بېغىمنى كۆرمەي كەتسىڭىز بولماس،— دېدى مەلىكە.

شاھزادە:

— ئەي قارا كۆزلۈكۈم، غەم قىلماڭ. ئەتە ئىزدەپ بارىمەن،— دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مۇندىن بارسام گۈل بېغىڭغا،
قاراپ تۇرغىن بارغان يولۇمغا.
مېنى قويما دۈشمەن قولىغا،
كىرىپ ئۆتەي چاھار بېغىڭغا.

بېغىڭ قەيەردە جايىڭ قايدا؟
ئاشىقلىقنى بىلگىن ئاندا،
يارىڭ قەدرىن بىلگىن مۇندا.
كىرىپ ئۆتەي چاھار بېغىڭغا.

مېنى قويغىن پىنھان جايدا،
دۈشمەن قالسۇن تاغۇ سايدا.

بۇ جانىمنى سالۇر ئوتقە،
جۇدا بولماق يامان كۈندۇر.

سائەت مۇندا توختاپ تۇرغىن،
مەن غېرىبنىڭ ھالىن كۆرگىن.
بۇ سۆزۈمنى دىلغا ئالغىن،
جۇدا بولماق يامان كۈندۇر.

مەرىكەش بۇنى ئاڭلاپ ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. مەلىكە رەناخان شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنىڭ مۇندا سىزدىن باشقا يارىم يوق،
بىر خۇدادىن ئۆزگە تەندە جانىم يوق.
ھىممەت بىرلە سىزنى كۆرمەككە چارىم يوق،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز بۈگۈن گۈلزارىم.

بۈگۈن مۇندا غەيرىنى ئارقا تاشلىدىم،
سېنىڭ بىرلە كەتمەككە ئۆزۈم راستلىدىم.
بېغىم بىرلە قىزلارنى مۇندا تاشلىدىم،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز بۈگۈن گۈلزارىم.

ساڭا ئاشىق بولغىلى ئۆزۈم غېمىڭدە،
كېچە - كۈندۈز يىغلارمەن سۇبھى - تۈنىڭدە.
سېنىڭ جايىڭ بىلمەسمەن كۆزۈم يولۇڭدا،
ماڭا ئۇلپەت بولغايسىز بۈگۈن گۈلزارىم.

ھېچ بەندىگە سالمىسۇن ھىجران پىراقى،
بېشىمدىن كەتمىدى ھىجرانلار داغى.

مېنى سورىساڭ شاھلار ئوغلى،
كەلگەن جايىم خەزان شەھىرى.
قىرىق تۆگە مال سودا ئۈستى،
بۇ شەھىرىڭگە كەلمىگۈنچە.

ئاشىق بولدۇم رەناگۈلگە،
دەردىم بولدى ياردىن ئۆزگە.
ھالىم بىلمەس ھەقدىن ئۆزگە،
مۇرادىمغا يەتمىگۈنچە.

ئاشىق مەندىن زەبۇن بولماس،
بۇ دەردىمنى ھېچكىم بىلمەس.
كۆزدە يېشىم مۇندا تۇرماس،
بۇ بېشىمغا كەلمىگۈنچە.

ھىجران ئۇتتۇر مەن بىر غۇنچە،
مۇنداق كۆڭلۈم دەردلىك شۇنچە.
ئەزىز جاندىن كېچەي، بۇنچە،
ھىجران ئوتتا مەن قالغۇنچە.

سارايۋەن شاھزادىگە قاراپ:

— ئەي نىزامىدىن ئاخۇن، غەم قىلماڭ، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى. سىز دېگەن ئۇ گۈل، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىدۇر. ئۆزى ناھايىتى ئەقىللىك. بۇ شەھەردىكى قازى، ئۆلىمالار مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي، نىيەتلىرىدىن يانىدى. سىز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەرسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

غازى بولسۇن چاھار كۆلـدە،
كىرىپ ئۆتەي چاھار بېغىڭغا.

سېنىڭ ھوجراڭ ئانار قېشىدا،
كۆرۈشكەيمىز گۈللەر قېشىدا.
ئاشىق ـ مەشۇق بولساق شەيدا،
كىرىپ ئۆتەي چاھار بېغىڭغا.

مەلىكە شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇندىن بۇ جاۋابنى ئاڭـلىغاندىن كېيىن، چاھار باغقا قايتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن ئىشقىنىڭ دەرـدىدە بىھوش بولدى. چاكارلىرى ئۇنىڭغا:

— بۇگۈن سودا ياخشى بولىدىغان كۈن. بىز بىلەن سودا قىلىڭ، — دېدى.

شاھزادە:

— مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. مەن بىر كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. ئەقلىي ـ ھوشۇم جايىدا ئەمەس. سىلەر سودىنى قىلىۋېرىڭلار، — دەپ سارايغا قايتىپ كەلدى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. چاكارلىرى سارايۋەننى چاقىرىپ كىردى. سارايۋەن شاھزادىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، تېۋىپ چاقىرماقچى بولدى. شاھزادە سارايۋەنگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

مېنىڭ دەردىم تېۋىپ بىلمەس،
ياردىن ئۆزگە تېۋىپ بولماس.
يار بولمىسا كېسەل كەتمەس،
ئۆز بېشىمغا چۈشمىگۈنچە.

دەپ ئۇلارنى قايتۇردى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە بىلەن سارايىۋەن چاھارباغقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەلىكە دېگەن سۆگگۈچ ئارقىلىق چاھار باغقا كىرىپ چاھار كۆل بېشىدا مەلىكىنى ساقلاپ تۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن مەلىكە بىلەن باغۋەن ئانا پانۇس كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. مەلىكە شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇننىڭ قورقۇپ، تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنى سورىساڭ قىزلار شاھى،
ئاشىقلارنىڭ تەندە جانى.
يالغان ئاشىق يوقتۇر سانى،
تىللا بىلەن زەرباب لازىم.

ئاشىق مەندەپ بىلىڭ باغلاپ،
قىزنى ئالغىن يەرنى ئىلغاپ.
قىرىق تۆگە مال تويغا راستلاپ،
تىللا بىلەن زەرباب لازىم.

ماڭا لازىم ئاتمىش مىڭ قوي،
قىرىق كۈنگىچە قىلغايسەن توي.
مەسلىھەتنى قىلغايسەن ئوي،
تىللا بىلەن زەرباب لازىم.

ماڭا كەلدى ئاخۇن، قازى،
سۆزلەر قىلدى باقماي نازى.

— جاۋاب بېرىمەن،— دېدى شاھزادە.
— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى،— دېدى سارايۋەن،— ئىككى يۈز تىللا بىلەن بىر بوغچا زەرباب تەييار قىلىڭ. مەن بىلەن بىللە چاھار باغقا بارىسىز. بىر ئامال قىلىپ مەلىكىنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.
شاھزادە خۇشال بولۇپ، سارايۋەننىڭ دېگەنلىرىنى تەييار قىلدى. سارايۋەن شاھزادىنى چاھار باغقا باشلاپ باردى. ئۇلار بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن، چاھار باغدىن باغۋەن ئانا قەنت - گېزەكلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى. سارايۋەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئەي ئانا، مەلىكىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى. مەن چاھار باغقا كىرەلمەيمەن. سىز بۇ ئەرزىمنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپ قويغان بولسىڭىز. مەن مەلىكىدىن ئىككى يۈز تىللا قەرز ئالغانىدىم. ھازىر يۈز تىللانى ئېلىپ كەلدىم. قالغان يۈز تىللاغا ئاجىزلىق قىلىمەن،— دەپ يۈز تىللانى بەردى.
باغۋەن ئانا يۈز تىللانى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:
— ئەي بالام، بىر سارايۋەن سىزگە قەرزدار ئىكەن. بۇ يۈز تىللانى ئېلىپ كەپتۇ. قالغان قىسمىغا ئاجىزلىق قىلىمەن دەيدۇ،— دېدى.
مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، چاھار باغدىن سىرتقا چىقتى. قارىسا بىر سارايۋەن ئىكەن. سارايۋەننىڭ يېنىدا شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بار ئىكەن. مەلىكە سارايۋەنگە:
— بۈگۈن يامان چاغدا كېلىپسىزلەر. باغنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر سۆڭگۈچ بار. يېرىم كېچە بولغاندا شۇ يەردىن باغقا كىرىپ، چاھار كۆل بويىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار. كېنىزەكلەر ئۇخلاپ قالغاندا مەن قېشىڭلارغا كېلىمەن،—

ئاتا ـ ئانام سوقتى تازى،
تللا بىلەن زەرباب لازىم.

ئاشىق بولساڭ بىلىڭ باغلا،
مېنى مۇندا ئۇتتا قويما.
باشلىرىڭغا غەمنى سالما،
تىللا بىلەن زەرباب لازىم.

ئاشىق بولساڭ يولنى قويغىن،
قىز يارىڭنى قولغا ئالغىن،
دۈشمەنلەردىن ھەزەر قىلغىن،
تىللا بىلەن زەرباب لازىم.

شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

يارىم ئۈچۈن جېنىم پىدا،
مەقسىتىمىز بولسۇن ئادا.
سېنى كۆرمەي مەن بىر گادا،
جاننى بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاشىق بولدۇم مەن بويۇڭغا،
ئەمدى چۈشتۈم مەن كويۇڭغا،
ئاتمىش قوچقار مەن تويۇڭغا،
بېرىپ ئالۇر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاشىق بولدۇم تال بويۇڭغا،
قىرىق تۆگەمنى ئال تويۇڭغا،



سېنىڭ بىلەن كەتمىكىم بار،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ئاتام بىلەن كېڭەش قىلاي،
كېنىزەكنى يولغا سالاي،
ئۈچ كۈن مۆھلەت ساڭا قىلاي،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ماڭا لازىم كۆشەك ئەلا،
سېنى كۆرۈپ بولدۇم مەستا،
ئەسبابىڭنى قىلغىن تەييا،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خۇشال بولۇپ، قىرىق بوغچا زەرباب بىلەن بەش يۈز تىللانى مەلىكە رەناخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

مەلىكە رەناخان شاھزادىگە:

— مېنىڭ بىر سوئالىم بار. ئەگەر جاۋاب بەرسىڭىز، ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلدىم،— دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى شاھزادە،— كۆڭلۈم بىئارام تۇرىدۇ. مەندىن سوئال سورىماي، ھەر قانداق مۇشكۇل ئىشقا بۇيرۇسىڭىز مەيلى ئىدى.

— مەن ۋەدە قىلغانمەن،— دېدى مەلىكە،— ئەگەر ئاتام ئاڭلاپ قالسا، بېشىم كېسىلىدۇ. نۇرغۇن پادىشاھ ۋە شاھزادىلەر ئەلچىلىككە كېلىپ، سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي ئارمان بىلەن كېتىپ قېلىشتى. سىز سوئالىمغا جاۋاب بەرسىڭىزلا قالغان ئىشلار ئاساندۇر.

مىڭ تىللانى ئال قولۇڭغا،
سېنى ئالۇر كۈندۈر بۈگۈن.

ھىجران ئوتىنى ماڭا سالدى،
تاجى دۆلەت ساڭا بەردى.
يارىڭ مۇندا قان يىغلىدى،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

مېنى سورىساڭ شاھلار شاھى،
مېنىڭ ئەرزىم ساڭا دادى.
خۇدا بولسۇن سەندىن رازى،
ھالىم سورار كۈندۈر بۈگۈن.

ھىجران ئوتىدەك بالا بولماس،
سەن بېشىڭغا ھىجران كەلمەس.
ئاشىقلارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
قەدرىم بىلۇر كۈندۈر بۈگۈن.

مەلىكە رەناخان بۇ نەزمنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئاشىق بولساڭ ۋەدە قىلغىن،
ۋەدەڭگە ھەم ۋاپا قىلغىن.
قىرىق تۆگە مال تەييار قىلغىن،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن

مېنىڭ مۇندا دۈشمىنىم بار،
ئۈچ يىلغىچە قارارىم بار،

قىرىق يىل ئۇدا يامغۇر ياغدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

مىكائىلغا پەرمان بولدى،
رىسقىڭ ئاندا نازىل بولدى،
ئاندىن سۈكرە رەھىم كەلدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

سەجدە قىلدى مالائىكلەر،
ئاسمانۇ ھەم مۇقەررەر،
ئىبلىس بولدى مۇندا پاجەر،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكە رەناخانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

قۇدرەت بىلەن ئادەمگە پەرمان ئەيلىدى،
مەغرىب بىلەن مەشرىققە جەبرائىل كەلدى.
يەر يۈزىگە تۇپراقنى مۇندا كەلتۈردى،
ئاندىن سۈكرە يامغۇرغا پەرمان ئەيلىدى.

قىرىق يىل يامغۇر سەيلانە سەيلان ئەيلىدى،
يەنە قىرىق يىل تۇپراقنى يەردە تۇرغۇزدى،
ئۇ تۇپراقنا جەببارىم نەزەرىنى سالدى،
يەنە قىرىق يىل تۇپراقنى نەمدار ئەيلىدى.

قۇدرەت بىلەن تۇپراقنى سۈرەت كەلتۈردى،
پەرمان بولدى جەبرائىل يىتىبان كەلدى.

— مەندىن قايسى سوئالنى سورايسىز؟

— «مەسنەۋى شېرىف» نىڭ شەرھىسىدىن.

— ئۇنداق بولسا سوراڭ، جاۋاب بېرەي،— دېدى شاھزادە.

مەلىكە تۆرلۈك ئىلىملەردىن سوئال سورىدى. شاھزادە مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب بەردى. مەلىكە شاھزادىنىڭ ئەقىللىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى. ئۇ:

— ئەي يىگىت، سىز مەندىن كۆپ نەرسىنى بىلىدىكەنسىز. ۋاقىتمۇ ئاز قالدى. مەن يەنە قىرىق سوئال سورايمەن، جاۋاب بەرگەيسىز،— دېدى.

— ئىنشائاللا، جاۋاب بېرەي،— دېدى شاھزادە.

مەلىكە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىش ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئادەم سەفى قىرىق يىل نېچۈك؟
تۇپراق كەبى قىرىق يىل نېچۈك،
يامغۇر كەبى، قىرىق يىل نېچۈك؟
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

جەبرائىلغا پەرمان بولدى،
يەر يۈزىدىن تۇپراق ئالدى.
بۇ تۇپراققا نەزەر سالدى،
ئاتا قىلدى جانىڭ ئاللا.

ئىسراپىلغا پەرمان بولدى،
بۇلۇت كەبى قانات يايدى.

— سىز ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنسىز. ئەمدى سوئالىمغا جاۋاب بەرسىڭىز، قىلغان ۋەدەم ئادا بولغان بولىدۇ، — دېدى مەلىكە.

مەلىكە شاھزادىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

كۆكتە باردۇر بىر دەرەخ شاخلىرى نەچچە؟
ئىسمى تەندە تۇرادۇر يايرىقى نەچچە؟
بەزى ياپراق چۈشىدۇ تۆپىدىن تۈزگە،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز سوئالىم شۇدۇر.

بۇ دەرەخ يايرىقى يەرگە قاراغلىق،
ئىنسى-جىنۇ ئادەمنىڭ تېنىگە باغلاقلىق.
روھۇل مەلەك كېلىبان ئاڭا قاراغلىق،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز سوئالىم شۇدۇر.

بۇ دەرەخنىڭ تۆپىدە بىردىن بۇلاق بار،
ئۇ بۇلاقنىڭ ئۈستىدە رۇھۇل مەلەك بار.
ئۇ كۈن سېنىڭ بېشىڭدا تۇرلۇك خەتەر بار،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز سوئالىم شۇدۇر.

ئۇ بۇلاقنىڭ بېشىدا تۆتتىن مۇقەررەر،
چۈشكەن ياپراق تولىسى دوزاخقا كېتەر.
ئەزىز جانىڭ بۇ كۈندە قىلۇرلار سەپەر،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز سوئالىم شۇدۇر.

ئىككى ئېرىق بار تۇرۇر بۇلاق بېشىدا،
بىرى كېتەر دوزاخقا، بىرى جەننەتكە.

كېچە ـ كۈندۈز سۈرەتكە تەفسىر ئەيلىدى،
مالائىكلەر سۈرەتكە سانا ئەيلىدى.

جانغا پەرمان بولدىلار يېتىبان كەلدى،
جېنىڭ كېلىپ سۈرەتكە تولا يىغلىدى.
جەببار ئىگەم جېنىگغا پەرمان ئەيلىدى،
ئەزىز جېنىڭ بۇ تەندە دەۋران ئەيلىدى.

پەرمان بولدى ئەرشكە مالائىكلەر كەلدى،
مالائىكلەر ئادەمگە سەجدە ئەيلىدى.
سەجدە قىلماي تۇرغاننى ئاسىي ئەيلىدى،
ئازازۇلدەك ئالىمنى شەيتان ئەيلىدى.

روھىڭ بىنا بولماستا رىزقىڭ كەلدىلەر،
ئۇ رىزقىگغا مىكائىل مۇئەككەل بولدىلەر.
رىزقىڭ كەتمەي جېنىگنى ئالماس بولدىلەر،
ئەزرائىلغا شۇ كۈندە پەرمان ئەيلىدى.

— ئەي يىگىت،— دېدى مەلىكە،— ئەقلىگىزگە بارەكاللا. تەگرى سىزنى مۇرادىگىزغا يەتكۈزسۇن. ئەمدى مەن سىزگە مەنسۇپ بولدۇم. يەنە بىر سوئالىم بار، جاۋاب بەرسەگىز، بالىق مۈلكۈم بىلەن ئۆزۈمنى سىزگە قوبۇل قىلىمەن.
— قېنى سوئالىگىزنى سوراڭ.
— ئۇستازىگىز كىم بولىدۇ؟— دەپ سورىدى مەلىكە.
— مېنىڭ ئۇستازىم بۇخارادىكى شەمسىدىن تەبرىزى بۇزرۇكۋار بولىدۇ. مەن ئۇستازىمنىڭ خىزمىتىدە يەتتە يىل تەربىيىلەندىم،— دەپ جاۋاب بەردى شاھزادە.

دوزاخ كەتكەن روھلارنى قىلغاي سۇرۇشتە،
سەرات ئۈستى روھلاردىن سوئال ئەيلىدى.

ئۆتكەن پانىي دۇنيادا ياخشى ـ يامانە،
سەرات ئۈستى ئىمانىڭ ئاندا گۇمانە.
قالدى مۇندا ۋەتەنلەر بولدى ۋەيرانە،
ئىمانىڭدىن ئۇ يەردە سوئال ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ شاخىدۇر يەرگە قاراغلىق،
ئىنسى ـ جىنۇ ئادەمنىڭ تېنىگە باغلىق.
جەھەننەمدە روھلارغا قارا شىددەتلىك،
شەجەر دەرەخ يىغلابان زارىن ئەيلىدى.

پانىي دۇنيا كەچكەنلەر جەننەت يولىدا،
هارام شۇبھە يېگەنلەر دوزاخ يولىدا.
ئوتتىن زەنجىر سالدۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىغا،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك ئازابقا پەرمان ئەيلىدى.

— بارىكاللا ئۇستازىڭغا، — دېدى مەلىكە رەناخان، — ئۆزۈمنى ساڭا قوبۇل قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن نىكاھنى ئوقۇتايلى، سىرنى چىلك تۇتۇپ، توي تەييارلىقى قىلايلى، — دېدى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن.

رەناخان نىزامىدىن ئاخۇنغا قاراپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

نىكاھ قىلماق ئاساندۇر تويلار بولمىسا،
قىزنى ئالماق ئاساندۇر ئاتىسى بولمىسا.

روھۇل مەلەك تۇرىدۇ بۇلاق بېشىدا،
ماڭا ئاشىق بولسىڭىز سوئالىم شۇدۇر.

شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇن رەناخاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قۇدرەت بىلەن ياراتتى ئەرشى ئەزەمنى،
سايىسىدە ياراتتى شەجەر دەرەخنى.
ياپرىقىدا توختاتتى ئادەم روھىنى،
مەلائىكىلەر دەرەخكە تەپسىر ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ شاخىدۇر ئاسماننى قۇچار،
يەتتە تەبەق ئاسمانمۇ ئاندىن سۇ ئىچەر.
ئەجەل پەيتى كەلگەندە ياپرىقى چۈشەر،
ئاندىن سوڭرە ئەزرائىل جانسىز ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ بېشىدا بىردىن بۇلاق بار،
ئەجەل قىسمەت كەلسىلەر بۇلاققا چۈشەر.
ئاندىن سوڭرە روھلىرى تەن بىلەن كېتەر،
ئەزىز جانىڭ بۇ كۈندە سەپەر ئەيلىدى.

بۇلاق بېشى ئەسلىدە نۇردىن بۇلاق بار،
بەزى روھلار ئۇ يەردىن ئۇچماققا كېتەر.
بەزى روھلار قايتىبان جەھەننەم ئېتەر،
ئەزىز جانىڭ ئازابتا قىساس ئەيلىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ تۆپىدە مىڭدىن پەرىشتە،
گۇۋاھ سايەت بولۇرلار سەرات ئۈستىدە.

بولسۇن. ئاتام ئىشىمىزنى بىلمىسۇن. قىرىق كۈندىن كېيىن ئاشكارىلايلى، — دېدى مەلىكە.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇن بىلەن مەلىكە رەنائاخان ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ئوقۇلدى.

— ئەمدى مەن سىزنىڭ بولدۇم، سىز توي تەييارلىقىنى قىلىڭ، سىرىمىز قىرىق كۈنگىچە ئاشكارا بولمىسۇن، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە سارايۋەن بىلەن سارايىغا قايتىپ كەلدى. مەلىكىمۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئارام ئالدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە نىزامىددىن ئاخۇن سارايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چاكارلىرىدىن:

— سودا ئىشلىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. چاكارلىرى:

— بۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىگە يۈز مىڭ تىللالىق مال بەرگەنىدۇق. پۇلنى ئەتە بەرمەكچى بولدى. بىز بىلەن كەلگەن سودىگەرلەر ئەتە يانىدىكەن. بىزمۇ بىللە قايتىپ كەتسەك، — دېيىشتى.

ئىككىنچى كۈنى شاھزادە چاكارلىرىغا:

— مەن بېرىپ ۋەزىردىن تىللانى ئېلىپ كېلەي، سىلەر يول تەييارلىقىنى قىلىپ تۇرۇڭلار، — دەپ ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

شاھزادە ۋەزىردىن پۇلنى ئېلىپ، قايتىپ چىققاندىن كېيىن: «مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ قايتاي» دەپ چاھارباغنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھزادە بىرئاز ساقلىغاندىن كېيىن، مەلىكە چاھارباغدىن چىقتى. شاھزادە مەلىكىگە:

— مەن قايتىدىغان بولدۇم، — دېدى.

قىرىقتىن سەكسەن تۆگىلەر تەييار بولمىسا،
توي چابدۇقى كەلتۈرگىن سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

مېنىڭ ئاتام شەھەردە شاھلار شاھىدۇر،
باغۇەن بىلەن قىزلاردىن ئاتام ئاڭلايدۇر.
ئاڭلاپ قالسا بىزلەرنى ئاتام باغلايدۇر،
توي چابدۇقى كەلتۈرگىن سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

توي چابدۇققا كەلتۈرگىن ئۈچ يۈز ئاتمىش قوي،
قىرىق كۈن تامام بولغۇچە كۈندە قىلغىن توي.
مېنىڭ قىلغان سۆزۈمنى دىلغا ئالغىن ئوي،
توي چابدۇقى كەلتۈرگىن سۆزۈڭ ئاڭلايىن.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن مەلىكە رەناخانىغا:

— سىز غەم قىلماڭ، قىرىق تۆگىدە مېلىم بار.يەنە سەكسەن
تۆگە كەلتۈرەي. قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، بېشىڭىز-
دىن مىڭ-مىڭلاپ تەڭگە-تىللانى چاچقۇ قىلاي، — دېدى.

— بارىكاللا، مۇرادىم ھاسىل بولدى، ئەمدى سىزنىڭ
دېگىنىڭىز بويىچە بولسۇن، — دېدى مەلىكە خۇشال بولۇپ.

— سىز ماڭا تەۋە بولدىڭىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنى ماڭا
قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى شاھزادە.

— ئاتام بۇ شەھەرنىڭ شاھىدۇر، قىرىق كۈن توي قىلى-
مىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى مەلىكە.

— مېنىڭ كۆڭلۈم خاتىرجەم بولسۇن، قىرىق كۈنلۈك
تويىنى ماڭا قويۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، باغۇەن ئانا بىلەن سارايۇەن كۇۋاھ

مەلىكە يىغلىغان ھالدا نىزامىدىن ئاخۇنغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى سۆيدى. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىدىن چىقىپ، چاھارباغقا كەلگەنىدى. پادىشاھ قىزى رەناخاننىڭ بىر يېگىتنى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوردىغا كىرىپ كەتتى.

— ئىش چاتاق بولدى، ئاتىمىز بىزنى كۆرۈپ قالدى، مەن قايتاي، ئون بەش كۈندىن كېيىن كېلىمەن، — دەپ يولغا راۋان بولدى. شاھزادە شەھەردىن چىقىپ ھەمراھلىرىغا يېتىشىۋالدى.

مەلىكە ناھايىتى غەمكىن ھالدا چاھارباغقا قايتىپ كىردى. بىر چاغدا بىر ۋەزىر كېلىپ:

— ئەي مەلىكەم، پادىشاھ سىزلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەتە سىزگە خەتەر يېتىدۇ. ئىبادەت بىلەن بولغايسىز، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

مەلىكە باغۋەن ئانىنى چاقىرىپ:

— ئوردىغا كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىڭ، — دەپ ئەۋەتتى. باغۋەن ئانا ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا سالام بەردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— مەلىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن، ئەتە شام دىگىستانىدا ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىبرەت بولسۇن، — دېدى.

باغۋەن ئانا بۇ خەۋەرنى رەناخانغا يەتكۈزدى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ زار-زار يىغلىغان ھالدا كېنىزەكلىرىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

بىزلەر بىلەن خىلۋەت تۇتقان،
كېچە-كۈندۈز ھەمراھ بولغان.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالغان هالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مەن يارىڭنى بۇ يەردە تاشلاپ كېتۇرسەن،
نەچچە كۈندە شەھرىڭدىن يېتىپ كېلۇرسەن؟
رەناگۈلدەك يارىڭنى قولغا ئالۇرسەن،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈك ئاڭلايىن.

بۈگۈن بولدى يارىڭغا مۇندا قىيامەت،
كېنىزەكلەر قىلۇرلەر بىزگە مالامەت.
قادىر ئىگەم بىزلەرنى قىلسۇن سالامەت،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، تەدبىر قىلايىن.

مېنى مۇندا قويۇپسەن داغۇ ـ ھەسرەتتە،
يارىڭ كۆڭلىن ئالمىدىڭ مۇندا ئەلۋەتتە.
بېغىم ئىچرە تۇرمىدىڭ بىر كۈن سۆھبەتتە،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈك ئاڭلايىن.

بىر كۈن تۇرغىن بېغىمدا، كۆڭلۈك ئالايىن،
سېنىڭ دەردى ئىشقىڭنى ئاندا ئەيلەيىن.
سېنىڭ بارغان شەھرىڭگە بىللە بارايىن،
راست سۆزۈمنى ئېيتايىن، سۆزۈك ئاڭلايىن.

شاھزادە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەلىكىگە:
— مەن بىلەن بىللە كەلگەن قىرىق كارۋان، يىگىرمە چاكىرىم بار. مەن ئۇلار بىلەن قايتىپ، ئاتامدىن، رۇخسەت ئېلىپ كەلمەكچى، ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كېنىزەكلەر زار-زار يىغلاشتى. باغۋەن ئانا:

— ئەي قىزىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سىز ئۇچۇن مېنىڭ بېشىم تەييار، — دېدى.

بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىسى كەلدى. ئانىسى قىزىنىڭ بېشىغا توپىلارنى چېچىپ، يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مەلىكە ئانىسىنى كۆرۈپ زار-زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئانا مەندىن رازى بولغىن،
سەھەرلەردە دۇئا قىلغىن.
مەن غېرىبنى ھەم ياد ئەتكىن،
بالاڭ تۇرغان شەھىرىم قالدى.

ماڭا كەلدى ھىجران داغى،
پەرزەنتىدىن ئاتا تاندى.
بارچە غۇربەت ماڭا كەلدى،
مېھرىبانىم ئانام قالدى.

خۇدا سالدى بۇ كۈلپەتكە،
غېرىب بولدۇم ئۆز شەھىرىمدە.
ۋاپا قىلغان يار قەيەردە؟
ھەمدەم بولغان دوستلار قالدى.

ئاتام قىلدى بىزنى غېرىب،
بۇ شەھىرىڭدە مەن مۇزتەرىب.

رەناگۇل دەپ ئات كۆتۈرگەن،
گۇل نىھالىم خۇش قال ئەمدى.

ھەممىڭلارنى ئوخشاش بىلگەن،
ئەل خەلقىنىڭ ئەرزىن سورىغان.
گۇل رەنا دەپ مەشھۇر بولغان،
كېنىزەكلەر خۇش قال ئەمدى.

توققۇز ئايۇ ئون كۈن تۇرغان،
بىېقىپ مۇندا كامال تاپقان.
بار مېھنەتكە ئۆزىن ئۇرغان،
باغۋەن ئانا خۇش قال ئەمدى.

بىر كۈن قىلۇرمىز مەشھۇرى،
يارىم كەتكەن چاغدىن بېرى.
قىرىق كېنىزەك، ياشۇ - قېرى،
سەبزە گۇلۇم خۇش قال ئەمدى.

مېنىڭ يارغا يەتمەس ھالىم،
قوزغىلىپتۇر ئاتەش داغىم.
مۇھەببەتلىك چاھارباغىم،
ۋەتەنلىرىم خۇش قال ئەمدى.

جۇدا بولدۇق بۇگۈن سەندىن،
دەۋران كەتتى بۈگۈن مەندىن.
رازى بولغىن رەناگۇلدىن،
ھەممە دوستلار خۇش قال ئەمدى.

ئاتام بولدى ماڭا دۈشمەن،
يوللىرىمغا قويدىلار پەن،
دۈشمەنلەرگە بېرىلىڭ سىز ئەن،
مېنى ئۇتتىن جۇدا قىلغىن.

مېنىڭ سىزدىن ئۈمىدىم بار،
بۇ بېشىمغا پاناھىم بار،
سىزدىن باشقا ماڭا كىم بار؟!
مېنى ئوتتىن جۇدا قىلغىن.

مەقسۇتخان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىڭلىسى رەناگۈلگە:

— ئەي سىڭلىم، غەم قىلماڭ، بىز ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئانىسىغا قاراپ زار-زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنىڭ ئاجىزلىقىم يەتتى،
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى يەتتى.
غېرىبلارنىڭ بېشى قاتتى،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.
باھار بولسا قىزىل گۈللەر،
ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇللار،
مۇراد تاپماي ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

غېرىب ئانام تەنها قېلىپ،
بۇ شەھرىمدە نامىم قالەي.

— ئەي بالام، بۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچە ماڭا دېسىڭىز بولماسمىدى؟ مەن ئۈنىڭ ئامالىنى قىلمامتىم؟ ئەمدى ئاتىڭىز ھۆكۈمنى قىلىپ بولدى، بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىمىز؟ شۇنداق بولسىمۇ، ئاكىڭىز مەقسۇتخانغا ئەھۋالىڭىزنى بايان قىلىڭ، بوگۈن كېچە ۋەزىر - ئەمىرلەرگە ئەھۋالىمىزنى ئېيتايلى، سىزنى بالاغا قويغان ئۇ يىگىت زادى كىم؟ ماڭا راستىنى بايان قىلىڭ. بىز ئۆلۈمنى شۇ يىگىتكە ئارتايلى،— دېدى مەلىكىنىڭ ئانىسى.

— مەن بىلمەيمەن، — دېدى مەلىكە، — ئۇ يىگىت بۇ شەھەردىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۆزى شاھزادىگە ئوخشايدۇ.

مەلىكە ئاكىسى مەقسۇتخاننىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا ئاكىسىمۇ ناھايىتى پەرىشان ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە زار - زار يىغلىغان ھالدا ئاكىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى،

نەزمە:

ئەرزىم ئېشتىڭ قېرىندىشىم،
ماڭا بولۇڭ سىز يولدىشىم.
سىزدىن باشقا يوق سىردىشىم،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

مەكتەپ يولىغا بىللە يۈرگەن،
كىتابىڭنى ماڭا بەرگەن.
غۇربەت يولىدا يېتىم بولغان،
مېنى ئۆتتىن جۇدا قىلغىن.

ئۇنى قىلدى ياقاسىن چاك،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئۆزۈم نادان، كۆلۈم غۇنچە،
توزۇپ كەتتى بۆگۈن مۇندا.
ئېچىلمايىن خەزان بولدى،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق،
ئىشەنمەڭلار بۇ دۇنياغا،
بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

مەلىكە باغۋەن ئانىغا قاراپ:

— ئەي ئانا، كۆن كەچ بولۇپتۇ. بىللە بېرىپ نەسرىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلەيلى، — دەپ، يۈز تىللانى ئېلىپ بۇزرۇكۋارنىڭ قېشىغا كەلدى. مەلىكە بۇزرۇكۋارغا سالام بەرگەندىن كېيىن يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

دۇئا قىلىڭ بۇزرۇك ئاتا،
بۇ بېشىمغا كەلدى قازا.
مۈشكۈل ئىشلار بولسۇن ئادا،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگۇيۇم.

ئون تۆت ياشتا ئەجەل يەتتى،
تاجۇ دۆلەت باشتىن كەتتى.
بۇ جىسمىدىن قۇۋۋەت كەتتى،
دۇئا قىلىڭ، دۇئا گۇيۇم.

بىزادىن كەتتى دەۋران باقى،
دىدارىمىز قالدى باقى.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ۋاپا كەلسە قېرىنداشتىن.
ئاتا قولىدىن ۋاپا كەلمەس،
كېتەرمەن باغۇ- بوستانىدىن.
مېنىڭ دەردىم كىشى بىلمەس،
گۇناھىمنى ئاتام بىلمەس.
ۋىسالىمغا مېنى قويماس،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەگلار بۇ دۇنياغا،
بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوق.

ماڭا مۇندا قازا يەتتى،
ئەجەلنىڭ شەربىتىن تۇتتى.
مېنىڭ ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
گۇناھىمنى ئاتام بىلدى،
ھەقىقەتنىڭ يېرى قالدى.
بۇ زۇلمەتلەر ماڭا كەلدى،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.
ئىشەنمەگلار بۇ دۇنياغا،
بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوق.

قېنى يۇسۇپ، قېنى پەرھات،
ئۇنىڭ ئىشقى قىلىپ پەرياد،

پادىشاھ ئۇلارغا:

— سىلەر مەلىكىنى كىچىك، نادان دەيسىلەر. ئەگەر سىلەر دىگەندىكىدەك بولسا، بىر يىگىتنىڭ قولىقىنى تۇتامدۇ؟ بۇنىڭ گۇناھى ماڭا ئەمەسمۇ؟ نامەھرەمگە قول سۇنغاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ۋاجىپتۇر. بۇگۈن مەلىكىنى دىگىستان بازىرىغا ئاپىرىپ دارغا ئاستۇرىمەن. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە ئىبرەت بولسۇن. مىنىڭ ئۇنداق پەرزەنتىم يوق. سىلەر يەنە مەلىكىنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولساڭلار، سىلەرنىمۇ بىللە دارغا ئاستۇرىمەن، — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

مەقسۇتخان ۋەزىرلىرى بىلەن ئۈمىدلىرىنى ئۈزۈشۈپ، ئوردىدىن قايتىپ چىقىشتى. مەقسۇتخان چاھارباغقا قايتىپ كەلدى. ئۇ مەلىكىگە قاراپ پەرىشان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مۇڭلۇق بولغان قىرىنندىشىم،
ھەمدەم بولغان ھەم يولدىشىم.
رازى بولغىن ھەم سىرداشىم،
خەتەر يوللار كىلەر كۈندۈر.

قۇرئانىڭنى تامام قىلغىن،
بۈگۈن مەندىن رازى بولغىن،
بۇزرۇكلاردىن دۇئا ئالغىن،
خەتەر يوللار كىلەر كۈندۈر.

يەتتە يىللار مەكتەپ بارغان،
مەكتەپ يولىنى ئاۋات قىلغان.

غېرىب كەلدى ساڭا دادى،
دۇئا قىلىڭ، دۇئا گۆيۇم.

ماڭا كەلدى ھىجران پىراق،
دۈشمەن قويدى بىزگە توزاق.
مۇرادىمنى بەرسۇن رەززاق،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگۆيۇم.

يارىم بولدى مەندىن جۇدا،
يەتكۈزدىلەر سىزنى خۇدا.
مۇددىئايىم بولماي ئادا،
دۇئا قىلىڭ، دۇئاگۆيۇم.

ئەسىردىن بۇزرۇكۋار:

— ئەي مەلىكە، غەم قىلماڭ. قايتىپ بېرىپ قۇرئان ئوقۇڭ. خۇدا سىزنى بۇ بالا-قازادىن خالاس قىلسۇن، — دەپ مەلىكىنى ياندۇردى.

مەلىكە بۇزرۇكۋار بىلەن خوشلىشىپ، چاھارباغقا قايتىپ كەلدى-دە، تائەتكە مەشغۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى مەقسۇتخان ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىرىنى چاقىرتىپ:

— ئالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شىكلىمنىڭ گۇناھىنى تىلەيلى، — دەپ، ئوردىغا كىردى. ئۇلار پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— ئەي پادىشاھىم، مەلىكىنىڭ گۇناھىدىن كەچسىڭىز. مەلىكە تېخى كىچىك ۋە نادانىدۇر، ياخشى-يامانىنى بىلمەيدۇ، — دېيىشتى.

ئوقۇپ قۇرئان تەلەپ قىلدىم،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

مېنى ئوتتىن جۇدا قىلغىن،
غېرىبلىقنى ماڭا قويغىن.
ئەزىز باشىم ئېسەن بولسا،
غېرىب بولماي ئىلاجىم يوق.

كىشىنىڭ يۇرتىغا بارسام،
تاموغ ئوتىدا مەن قالسام.
غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

يوروق دۇنيا ماڭا تۇندۇر،
بۇ جانىمنى تىلەر كۇندۇر.
ئەزىز جانىم ئېسەن بولسا،
كېتەرىمگە ئىلاجىم يوق.

ماڭا ئېيتىڭ كۆڭۈل ئەرزى،
بۇگۈن مەندىن ئاتام رازى.
ئەجەلنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
قاچارىمغا ئىلاجىم يوق.

قېرىنداشلار ئېسەن قالدى،
غېرىبلىق يوللىرى كەلدى.
كېنىزەكلەر يېتىم قالدى،
جۇدا بولماي ئىلاجىم يوق.

بۈگۈن مەندىن جۇدالاشقان،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۈر.

مېنى قويدۇق مۇندا يەككە،
ئەرزىلك قىلغىن حاللات بەگكە.
سېنى سالدى كۆيەر ئوتقا،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۈر.

سېنى ئاسار مۇندا دارە،
ئۇستىخانلارىك بولۇر پارە.
قېرىنداشلار قىلۇر نالە،
خەتەر يوللار كېلەر كۈندۈر.

ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان رەناخان نالە - زار قىلىشقا چۈشتى.

— ئەي قېرىندىشىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — دېدى مەقسۇتخان تەسەللى بېرىپ.

مەلىكە ئاكىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زار - زار يىغلىغان هالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولۇرمىدى ياشىم.
قېرىنداشلار يولى الكەتتى،
مېنىڭ مۇندا ئىلاجىم يوق.

كېتەي دەپ مىڭ خىيال قىلدىم،
ئاتامنىڭ قەهرىدىن قورقتىم.

پەرزەنتىمنى كۆرمەكىم بولدى گۇمانە،
پەرزەنت يولىدا بۇ بېشىم بولدى پەرۋانە.
تۇرغان جايىم بولدىلار ئەمدى ۋەيرانە،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنت بولۇپ دۇنيادا راھەت كۆرمىدى،
غېرىب پەرزەنت دەردىنى ئاتا سورىمدى.
پەرزەنت داغى بىزلەردىن مۇندا كەتمىدى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ھەلىكە ئانىسىغا قاراپ، زار-زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئانا مەندىن رازى بولغىن،
قۇرئانىمنى ئادا قىلغىن.
باقىنىڭغا رازى بولغىن،
بۇگۇن ئاخىر زامان كۇندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

بۇگۇن بىزگە قازا يەتتى،
مېھرىبانىم ئانام قالدى.
ئويناپ ئۆسكەن بېغىم قالدى،
بۇگۇن ئاخىر زامان كۇندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مېنى بۇگۇن ئاسار دارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە.

مەلىكە بۇ نەزمىلەرنى ئوقۇپ مەقسۇتخان بىلەن خوشلاشماقچى بولدى.

— ئەي سىڭلىم، ئاتام گۇناھىڭىزدىن ئۆتمىدى. بۇگۈن سىزنى دىگىستان بازىرىغا ئاپىرىپ، دارغا ئاستۇرماقچى بولدى، — دېدى مەقسۇتخان.

بۇ چاغدا تۆت جاللات كېلىپ، مەلىكىنى دىگىستان بازىرىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەقسۇتخان، ۋەزىرلەر، كېنىزەك ۋە باغۋەن ئانا يىغلىشىپ ماڭدى. مەلىكىنىڭ ئانىسى يۈزلىرى سامانىدەك سارغايغان ھالدا يىغلاپ كەلدى. ئانىسى مەلىكىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

پەرزەنتىمنى بۇ كۈندە ساڭا تاپشۇردۇم،
قادىر سۈپەت ئېلىمگنى پىشۋا تۇتتۇم.
يوق قىلغۇچە پەرزەنتنى مۇندا، ئىلاھىم،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

سەندىن ئۆزگە يوقتۇر دوستلۇق يوللىرى،
مۇھەممەتنىڭ ئۇممىتى ھىجران داغلىرى.
قىزىل گۈللەر بېشىغا قوندى زاغلىرى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇردۇم.

پەرزەنتىم دەپ كەتتىلەر خاتىر جامالى،
پەرۋىش قىلىپ تاپمىدى مۇندا كامالى.
ئاخىر دەمدە يەتتىلەر خازان باغلارى،
غېرىب بولغان پەرزەنتنى ساڭا تاپشۇدرۇم.

— ماتەم تۇتاي قىرىق كۈنگىچە،
سەبزە گۈلۈم خۇش قال ئەمدى.

ئاتاڭ ساڭا دۈشمەن بولدى،
رەناگىۈل دەپ نامىڭ كەتتى.
بۇگۈن مۇندا قازا يەتتى،
سەبزە گۈلۈم خۇش قال ئەمدى.

بىزنى قويدۇڭ بۇ شەھرىڭدە،
يېتىم بولدۇق چاھار بېغىڭدا.
خەتەر يەتتى سەپەر ئايدا،
سەبزە گۈلۈم خۇش قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، جاللاتلار مەلىكىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشتى. جازا مەيدانى ئادەم بىلەن توشقانىدى. جاللاتلار مەلىكىنى دارغا ئاسماقچى بولغاندا، كېنىزەكلەر مەلىكىگە ئېسىلىۋالدى. جاللاتلار كېنىزەكلەرگە:

— ئەي كېنىزەكلەر، كەينىڭلەرگە يېنىڭلار. پادىشاھنىڭ ھۆكمى ۋاجىپتۇر. ئىجرا قىلمىساق بىزنىڭ كاللىمىز كېسىلىدۇ، — دېدى.

مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەقسۇتخان جاللاتلارغا:

— بىر ئازتەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىپ، سىڭلىمنىڭ گۇناھىنى تىلەي. ئاتامنىڭ ئاچچىقى يانغان بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن كەلگەندىن كېيىن ھۆكۈمنى ئىجرا قىلساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر، — دەپ، ۋەزىر – ئەمىرلەر بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىردى. قارىسا پادىشاھ ناھايىتى غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ. مەقسۇتخان ئاتىسىغا:

ماڭا مۇندا قىلماڭ ناله،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

يەتتە يىللار مەكتەپ بارغان،
ئانام بىزگە پەرۋىش قىلغان.
ئەجەل ئوتىدا بىزنى قويغان،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مەقسۇت شاھىم رازى بولۇڭ،
كىتابىمنى ئۆيدە قويۇڭ.
قۇرئانىمنى سىزلەر ئوقۇڭ،
بۇگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر،
كۆرۈشكەيمىز قىيامەتتە.

مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەممە خالايىق يىغلاشتى. كېنىزەكلەر ئىچىدە گۈلجامال ئىسىملىك بىر كېنىزەك بار ئىدى. ئۇ مەلىكىنى قۇچاقلاپ، يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

كىچىكىمدىن ھەمراھ بولغان،
كېنىزەككە بەردار بولغان.
بىزنى مۇندا ئوتتا قويغان،
سەبزە گۈلۈم خوش قال ئەمدى.

بىزنى تاشلاپ سىز كەتكىچە،
خىزمەت قىلاي مەن ئۆلگىچە.

گۈلى رەنا قىلدى نالە،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پادىشاھ ئوغلى مەقسۇتخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مەن يەتتىشەھەرگە پادىشاھدۇرمەن. بۇ شەھەرلەردىكى شاھزادە، قازى، ئۆلىمالار نۇرغۇن پۇل بىلەن ئەلچى ئىككە كەلسە، مېنى خىجىل قىلىپ ئۆلارنى قايتۇردى. مەن ئۇنى چاھارباغ ئالدىدا بىر قالماق سۆپەك يىگىتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن شۇ يەردىلا مەلىكىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ئەھدە قىلغانمەن. ئەگەر مەلىكىنى دارغا ئاسمايلى دېسەڭلار، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر مۇنار بار. شۇ مۇناردىن تاشلاڭلار. ئەگەر مەلىكىنى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولسام، سالامەت قالار. مەن توغرا ھۆكۈم قىلغان بولسام جان تەسلىم قىلار. شۇنداق بولغاندا مېنىڭمۇ ئەھدىم ئادا بولغان بولىدۇ. مەلىكىگىمۇ ناھەق بولغان بولمايدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاشقا پەرمان چۈشۈرۈلدى. مەقسۇتخان بىلەن ۋەزىرلەر دىگىستان بازىرىغا كېلىپ جاللاتلارغا:

— پادىشاھ مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاشقا پەرمان قىلدى، — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىنى مۇنارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. خالايىق قارىسا، مۇنار ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغۇدەك. مۇنارغا بىر يۈز ئون بىر پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولىدىكەن. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

— ئەي پادىشاھىي ئالەم، جاللاتلار مەلىكىنى دارغا ئاسقاندى. ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى. مەلىكە ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئوخشايدۇ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

شاھان بولۇپ ئاتمىش يىللار،
پەرزەنت تىلەپ ئۆتتى تۈنلەر.
قۇدرەت بىلەن كەلدۇق بىزلەر،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

قىرىق كېنىزەك ماتەم بولدى،
شەھەر خەلقى نالە قىلدى.
زامان بىزگە ئاخىر بولدى،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پەرزەنت بولسا پەرۋىش قىلغان،
چاھارباغدا مەشھۇر بولغان.
كېنىزەكلەر ھەمراھ بولغان،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

پەرزەنت بولسا ئۆزى نادان،
بىزنى قىلماق مۇندا دەرمان.
شەھرىڭ ئىچرە ئاخىر زامان،
گۇناھىنى تىلەر كۈندۇر.

ئانام بېشى مۇندا تۇمان،
دار ئالدىدا ئاخىر زامان.

بالام دىبان كۆڭلۈڭنى مۇندا سولدۇرما،
غېرىب ئاناڭ بېشىغا غەمنى سالدۇرما.
دۈشمەنلەرگە سىرىڭنى مۇندا ئالدۇرما،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

تەڭرى ئىگەم سالغاندۇر سىزگە زۇلمەتنى،
غېرىب ئاناڭ يۇتقاندۇر مۇندا ھەسرەتنى،
شاھان ئاتاڭ تىلىرتقايلار ئاندا كۆلپەتنى،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

ساغا كەلگەن ئىشلارنىڭ كامالى باردۇر،
تېزراق كەلگەن زۇلمەتنىڭ زاۋالى باردۇر،
سەبرى قىلغان ئىشلارنىڭ ۋىسالى باردۇر،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن،

مېنى مۇندا تاپشۇرغىن قادىر خۇداغا،
سېنىڭ ھالىڭ كۆرىبان قالدىم بالاغا.
سېنى مۇندا قويۇپتۇر دۈشمەن ياراغا،
قادىر ئىگەم سىزلەرنى ئامان ئەيلىسۇن.

مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەقسۇتخانمۇ زار-زار يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولغان،
مەكتەپلەرگە بىللە بارغان.
ئۇستازىمدىن دۇئا ئالغان،
رازى بولغىن، قېرىنداشىم.

مۇندا بىزگە ئاخىر زامان بولۇپتۇر،
يىغلا ئانا شۇڭقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
بۇ بېشىمغا بۇگۈن خەتەر يېتىپتۇر،
يىغلا ئانا بۇلبۇلۇڭدىن ئايرىلدىڭ.

مېنىڭ مۇندا قىلىپتۇر توغقان يارانىم،
بۇ جېنىمغا بۇ يەردە بولدى گۇمانىم.
ئۆلۈپ كەتسەم شەھرىڭدە قالماس نىشانىم،
يىغلا ئانا گۈللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

بالام دېبان بىزلەرنى پەرۋىشلەر قىلغان،
غېرىب بولۇپ باغلاردا نەچچە يىل ياتقان.
ئانام دېبان قاشىڭدا بىر كۈن تۇرمىغان،
رازى بولغىن ئانىجان مەندىن ئايرىلدىڭ.

مېنى باققان ئانامسەن ھالىمنى بىلگىن،
مېنىڭ تۇتقان جايىمنى باغۋەنگە بەرگىن.
مېنىڭ تۇتقان سازىمنى قىزلارغا بەرگىن،
يىغلا ئانا گۈللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

ئاتام بولسۇن بىزلەردىن مىڭدىن - مىڭ رىزا،
ماڭا يەتتى بۇ يەردە تۈرلۈك مىڭ قازا.
شەھەر خەلقىم بىزلەردىن بولسۇنلار رىزا،
يىغلا ئانا گۈللەردىن مۇندا ئايرىلدىڭ.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى قۇ-
چاقلاپ، زار-زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

رازىلىق تىلەپ، خۇن - جىگەردىن يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

بىزگە كەلگەن ئەي يارەنلەر،
بىزلەر ئۈچۈن غەم يېگەنلەر.
تەلەپ بىلەن ئامىن دەگلەر،
بار تاپشۇردىم خۇدايىمغا.

بىزگە كەلدى قازا مۇندا،
بىزگە ئەمدى راھەت قايدا؟
جەسەتلەرىم قالدى سايدا،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مەندىن مۇندا رازى بولغىن،
ھەممە بارى دۇئا قىلغىن.
تەلەپ بىلەن قاراپ تۇرغىن،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مېنى تاشلار بۇ مۇنارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە.
مېنىڭ مۇندا نەدۇر چارە،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

جەسەتلىرىم غېرىب بولدى،
ئانام مۇندا يالغۇز قالدى.
چاھار بېغىم ۋەيران بولدى،
تاپشۇردۇم مەن خۇدايىمغا.

مېنى مۇندا ئۇتتا قويدۇڭ،
قىزلىرىڭنى دەردتە قويدۇڭ.
مېنى مۇندا غېرىب قىلدىڭ،
رازى بولغىن قېرىنداشىم.

سېنى دىبان شاھان بولدۇم،
چاھارباغقا قاراپ يۈردىم.
سىڭلىم بار دەپ كۆپ ئىشەندىم،
رازى بولغىن، قېرىنداشىم.

ساڭا قىسمەت مۇنداق بولماس،
مۇنداق ئىشنى ھېچكىم بىلمەس.
ئەجەل توشماي ھېچكىم ئۆلمەس،
رازى بولغىن، قېرىنداشىم.

سۆزگە كىرمەس ئاتام بەچچە،
سۆزلەر ئىدۇق بىزلەر نەچچە.
تەدبىر قىلدۇق بىزلەر ئانچە،
رازى بولغىن، قېرىنداشىم.

مەقسۇتخان بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندا كېنىزەكلەر مۇنار تۆۋىدە نالە-زار قىلىپ يىغلاپ تۇراتتى. مەلىكە كېنىزەكلەرگە قاراپ:

— ئەي قىزلار، بىز بىر-بىرىمىزگە يەتتە يىل ھەمراھ بولغانىدۇق. بۇكۈن مەندىن رازى بولۇڭلار. ئەمدى بىز ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەيلى، — دېدى-دە، شەھەر خەلقىدىن

ۋاتىسىز، بىزگە ئاستا گەپ قىلىڭ، ئۆزىڭىز ياش، ئېچىلمىغان غۇنچە ئىكەنسىز. سىزنى ناھەق مۇناردىن تاشلىساق ئۈستى-خانلىرىڭىز لەختە-لەختە بولۇپ كېتىدۇ. بىزمۇ گۇناھكار بولىمىز، — دېدى.

— مەن چاھار باغدا ئىدىم، — دېدى مەلىكە، — بىر كۈنى بەلخ شەھىرىنىڭ پادىشاھى ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئاتامغا: «مەن بىلەن توي قىلماقچى بولغان كىشى، سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.» دېدىم. ئۇ پادىشاھ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كەتتى. يەنە بىر كۈنى شام شەھىرىنىڭ قازىسى قىرىق شاگىرتى بىلەن كەلدى. ئۇلارمۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كەتتى. خازان شەھىرىنىڭ شاھزادىسى قىرىق تۆگىدە مال ئېلىپ، بۇ شەھەرگە كەلگەنىكەن، ئۇ يىگىت ماڭا ئەلچىلىككە كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن سوئال سورىدىم. ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى. مەن قىلغان ۋەدەم بويىچە ئۇ يىگىتكە رازى بولدۇم. بىز نىكاھلىقمۇ بولدۇق. بۇنىڭغا سارايۋەن، باغۋەن ئانا ۋە كېنىزەك گۈلجاماللار گۇۋاھ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ يىگىت ئۆز شەھىرىگە قايتماقچى بولۇپ، مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. بىز ئەسلىدە توي تەييارلىقى پۈتكىچە بۇ ئىشنى سىر تۇتۇشقا ۋەدە قىلىشقان. مەن يىگىتنىڭ شەھىرىگە قايتسا پات ئارىدا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى سۆيۈپ قويغانىدىم. ئاتام دەل شۇ چاغدا بىزنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. مەن ھازىرغا قەدەر بۇ سىرىمنى ھېچكىمگە دېمىگەنىدىم.

— ئۇ سارايۋەننىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى جاللات.

— سارايۋەننىڭ ئىسمى پازىل، سارىيى دىگىستان

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شەھەر خەلقى زار - زار يىغلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالدى ئىككى يۈز تىللا، كەينى يۈز تىللانى مەلىكە ئۈچۈن ئاتاپ دۇئا قىلدى. ئاجىز مەزلۇملار ھەر خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ دۇئا قىلىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە يەتمىش مىڭ تىللا يىغىلدى.

مەلىكە ئانىسىغا:

— بۇ تىللالارنى سىز ساقلاپ قويۇڭ. مېنىڭ ھەققىمدە نەزىر قىلارسىز، — دېدى.

رەناخاننىڭ ئانىسى قىزىغا بىر ئالتۇن ھالقىنى بېرىپ:

— ئەي بالام، يېشىڭىزغا كۆن چۈشكەندە بۇ ئالتۇن ھالقىنى بۇخارادىكى ئەۋلىيا نەخشبەندىگە ئاتىغايسىز. سىزنى شۇ ئەۋلىيا بالا - قازادىن ساقلايدۇ، — دېدى.

مەلىكە ئانىسى بەرگەن ئالتۇن ھالقىنى قۇلاقلىرىغا سالدى. جاللاتلار خالايىققا:

— پادىشاھنىڭ ھۆكمى ۋاجىپتۇر. سىلەر بىزگە دەخلى قىلماڭلار، — دەپ، مەلىكىنى مۇنارغا ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا جۈمە نامازغا ئەزان ئېيتىۋاتاتتى. مەلىكە ئۇلۇغ تەڭرىنى سېغىنىپ نالە - زار قىلدى.

مەلىكىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جاللاتلارنىڭ كۆڭلى سىمابتەك ئېرىپ كەتتى. جاللاتلار ئۆز ئارا: «ھازىر جۈمە ناماز ۋاقتى. بۇ چاغدا ئادەم ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. سەل تەخىر قىلايلى. جۈمە نامىزى تۈگىگەندە مۇناردىن تاشلىساقمۇ كېچىكمەيمىز.» دېيىشىپ، جۈمە نامىزىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇردى. مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى. جاللاتلاردىن بىرى مەلىكىگە:

— سىز ئاتىڭىزنىڭ غەزىپى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە كېتى-

راستتىن سۆزنى مۇندا قىلغىن،
مېنى ئوتقا سەن سالمىغىن.
بۈگۈن جانغا هازىر بولغىن،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

بىزگە مۇندا قازا يەتتى،
ئەجەل مۇندا مۇنار ئۆستى.
مەن غېرىبنىڭ يوقتۇر دوستى،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

مەلىكە بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، جاللاتلار سارايۋەتنىڭ ئىككى قولىنى باغلىدى. كۆزىنى تېڭىپ، مۇناردىن تاشلىماقچى بولغاندا مەلىكە قورقۇپ كەتتى. جاللاتلار: «ئىككىسىنى تەڭ تاشلايلى. بولمىسا مەلىكە قورقۇپ كېتىدۇ» دېيىشىپ، مەلىكىنىڭمۇ كۆزىنى تېڭىپ، قولىنى باغلىدى. مەلىكە جاللاتلارغا:

— بىر ئاز تەخىر قىلىڭلار، ئادەم ئۆلسە قايتا تىرىلمەيدۇ. بۇ ئالەمگە بىر نەزەر سېلىۋالاي، — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىنىڭ كۆزىنى باغلىغان لاتىنى يېشىۋەتتى. مەلىكە ئاسمانغا قاراپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە يېلىنىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى، نەزمە:

تەقدىر ئاللاھ سەنسەن مېنىڭ پاناهىم،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ئىلاهىم.
مەن غېرىبنى بۇ غەملەردىن قۇتقۇزغىن،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

بازىرىنىڭ كەينىدە — دەپ جاۋاب بەردى مەلىكە.

ئىككى جاللات مۇناردىن چۈشۈپ، باغۋەن ئاندىن سورىدى. مەلىكىنىڭ دىگىنىدەك چىقتى. جاللاتلار سارايۋەننى تېپىپ، مەلىكىنىڭ دىگەنلىرىنى سورىدى. سارايۋەن «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. جاللاتلار سارايۋەننى باغلاپ، مۇنارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار سارايۋەننى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ چىقماقچى بولدى. سارايۋەن:

— مېنىڭ بېشىم قايىدۇ. مەلىكىنى بۇ يەرگە ئېلىپ چۈشسەڭلار، — دېدى. جاللاتلار:

— مەلىكە ھۆكۈم بىلەن مۇنارنىڭ تۆپىگە چىققان، ھۆكۈم بولمىسا چۈشمەيدۇ، — دەپ، سارايۋەننى مۇنارنىڭ تۆپىگە ئېلىپ چىقتى. مەلىكە ئۇنىڭدىن:

— ئۇ يىگىت ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مەلىكە، مەن سىزنى بۇرۇن كۆرمىگەن، كىمنى سوراۋاتىسىز؟ — دېدى سارايۋەن.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ زار-زار يىغلىغان ھالدا سارايۋەنگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئەي سارايۋەن ئەرزىم ئاڭلا،
يالغان سۆزنى مۇندا قىلما.
يۈزلىرىڭنى قارا قىلما،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

چاھار باغدا نىكاھ قىلدىڭ،
نىكاھ ھەققى تىللا ئالدىڭ.
يىگىتلەرگە كېپىل بولدۇڭ،
بۈگۈن ئاخىر زامان كۈندۇر.

يەردە مۇسا، كۆكتە ئەيسا تۇردىلەر،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنىڭدۇر.

ئەنبىيالار سەرۋەرى رەسۇل خۇدا،
بىزگە مەدەت بەرگەي جۈملە ئەنبىيا.
يەر يۈزىدە ياتقان شىھىد، ئەۋلىيا،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بىرەر كۈنىڭدۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجەتنى ئوقۇپ بولۇشىغا، ئاسماندا بىر قارا قۇش پەيدا بولدى. ئۇ قۇش مۇنارنىڭ ئۈستىنى بىر قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، جاللاتلارغا چاڭگال سالدى. جاللاتلار قورقۇپ ئالدى بىلەن سارايۋەننى مۇناردىن تاشلىماقچى بولدى. سارايۋەن قورقۇپ يىغلىغان هالدا جاللاتلارغا قاراپ:

— توختاڭلار! مەن راست گەپنى قىلاي، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئەرزىم ئىشىت جاللات بەگلەر،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.
بۇ جىنىمنى ئوتقا سالما،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

نىكاھ قىلدى چاھار باغدا،
مېنى قويما بۈگۈن داغدا.
جەسەتلىرىم قالۇر سايدا،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

ئاجىزدۇرمەن خالاس قىلغىن زالىمدىن،
قۇدرەت بىلەن قۇتۇلدۇرغىن مۇشكۇلدىن.
مەن غېرىبنى مەيۇس قىلما جاھاندىن،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

ئەرشى كۇرسى لەۋھۇ قەلەم ياراتتىڭ،
ئاسمانۇ زېمىننى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ.
توقسەن توققۇز ئىسىمگنى مۇندا ياراتتىڭ،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

ئادەم ئاتا نەبىغە مۇندا سېغىندىم،
قۇدرەت كەرەم يولۇڭنى پېشىۋا تۇتتۇم.
رەسۇلىللا ھەزرەتتىن شاپائەت تۇتتۇم،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

مۇسا نەبى تۇر تېغىدا يىغلىدى،
دۇئاسىنى ھەق ئىجابەت ئەيلىدى.
قۇدرەت بىلەن نۇرنى ئاندا كەلتۈردى،
بۇگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

داۋۇت ئوغلى ئىقلىم شاھى سۇلايمان،
قەستتىن قىلدى زالىم بىشەك بىگۇمان.
تېۋىپلارنىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى لوقمان،
بۇگۈن بىزگە مەدەد بېرەر كۈنىڭدۇر.

يەر يۈزىدە تۆرىلەر خىزرى پەيغەمبەر،
خەلىلۇللاھ مەككىنى بىنا ئەتتىلەر.

سارايۋەنىنىڭ چاھار باغدا نىكاھ ئوقۇغانلىقىنى دېدى. بىر سارايۋەننى ئالدىلىرىغا ئېلىپ كەلدۇق.

— ئەي سارايۋەن، — دېدى پادىشاھ، — مەن پادىشاھ تۇرسام، مەلىكە تېخى كىچىك بالا تۇرسا، سەن مەندىن رۇخسەتسىز نىكاھ ئوقۇغىنىڭ نېمىسى؟ نىكاھ قىلغان يىگىت قېنى؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، خەزان شەھىرىدىن قىرىق سودىگەر كېلىپ، مېنىڭ سارىيىمغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر شاھزادە بار ئىكەن. ئۇ يىگىت مېنى چاھار باغقا باشلاپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. مەلىكە ئۆزىنى ئۇ يىگىتكە قوبۇل قىلدى. بىز بۇ ئىشنى قىرىق كۈنگىچە سىر تۇتماقچى بولۇپ ئەھدى قىلىشتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇ شاھزادە ھەمراھلىرى بىلەن ئۆز شەھىرىگە كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى سارايۋەن.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەلدى-دە، جاللاتلارغا:

— بۇ سارايۋەننى زىندانغا تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. جاللاتلار سارايۋەننى سەكسەن كالتەك ئۇرۇپ، زىندانغا تاشلىدى. پادىشاھ جاللاتلارغا ھۆكۈم قىلىپ:

— مەن يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ تۇرسام، شۇنچە پادىشاھ، قازىلار ئەلچى ئەۋەتسە، مەلىكە رەت قىلدى. گېپىمنى ئاڭلىمىدى. ئەمدى مەندىن رۇخسەتسىز بىر مۇساپىر يىگىتكە ئۆزىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇنداق مەلىكىنى پەرزەنتىم دېيىشەم، شەھەر خەلقى ماڭا ئاھانەت ياغدۇرىدۇ. شەھەر خەلقىگە مەندىن ئىبرەت قالسۇن. مەلىكىنى مۇناردىن تاشلاڭلار، — دېدى.

جاللاتلار مۇنارنىڭ قېشىغا كەلسە، پۈتۈن شەھەر خەلقى

بۇ سۆزۈمنى قىلماس ئىدىم،
مېنى ئۇتقا سالماس دېدىم.
مۇنداق ئىشنى قىلماس دېدىم،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

بۇ جېنىمغا ئۇۋال بولما،
بۇ قىساسنى مۇندا قىلما.
يالغان سۆزگە قۇلاق سالما،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

مېنى تاشلار بۇ مۇنارە،
ئۇستىخانلىرىم بولۇر پارە.
ئەھلى پەرزەنتىم قىلۇر نالە،
ئەمدى سۆزۈڭنى ئاڭلايىن.

— ئەي سارايۋەن، راست سۆزۈڭنى بۇرۇنلا دېگەن بولساڭ، مۇنچە جاپامۇ تارتمىغان بولاتتىڭ. سۆزۈڭ توغرىمۇ؟ — دېدى جاللاتلار.

— ئەي بەگلىرىم، راست گەپنى قىلاي دېسەم، قىلغان ۋەدەمدىن قورقتۇم، — دېدى سارايۋەن.

جاللاتلار سارايۋەننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. پادىشاھ جاللاتلاردىن:

— مەلىكىنى مۇناردىن تاشلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى جاللاتلار، — مەلىكىنى مۇنار تۆپىگە ئېلىپ چىققانىدۇق. بىر قارا قۇش پەيدا بولۇپ، بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، مەلىكىدىن نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى سورىدۇق. مەلىكە

ئالەمنى ياراتقان قۇدرەت ئىلاھىم،
ماڭا يوقتۇر سەندىن ئۆزگە پاناھىم.
ئۆزۈڭ ساقلا بالانى مۇندا ئىلاھىم،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

مېنىڭ تۇتقان پىرىمدۇر تاجى ئەۋلىيا،
ماڭا كەلگەن بالاغا ئۆزى رەھناما.
مەن غېرىبىنىڭ بېشىغا كەلدى بۇ سەۋدا،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

مېنى تاشلار مۇتاردىن ئۆزۈڭ ھازىرسەن،
مېنىڭ ئەزىز جېنىمغا ئۆزۈڭ گۇۋاھسەن.
ياخشى - يامان ئىشىمنى ئۆزۈڭ بىلۇرسەن،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

مېنىڭ تۇتقان پىرىمدۇر بۇخارى ئەۋلىيا،
ئەزىز جېنىم بۇ تەندىن بولمىسۇن جۇدا.
ئەرشى كۇرسى لەۋھۇ قەلەم بولسۇنلار گۇۋاھ،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆتكەن پەيغەمبەر،
بارچىسى ئۆتتىلەر دۇنيادىن سەپەر.
مەغرىبتىن مەشرىققە ياتقان شېھىدلەر،
بۈگۈن بىزگە مەدەت بېرەر كۈنىڭدۇر.

قۇدرەت بىلەن كەبىنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ،
يەر يۈزىدە راجىزنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ.

يىغىلىپتۇ. ئۇلار مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى، مەلىكىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي مەلىكە، بىزدىن رازى بولۇڭ. ئاتىڭىز سىزنى مۇناردىن تاشلاشقا يەنە بۇيرۇق قىلدى. بىزگە ئىلاج يوق، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ، ئانىسى بەرگەن ئالتۇن ھالقىنى بۇخارا ئەۋلىيا يولىدا نەزىر ئاتاپ، يەرگە تاشلىماقچى بولدى. جاللاتلار مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە، ئۇ ئالتۇننى يوق ئەۋلىياغا ئاتاپ نەزىر بەرگىچە، بىز سىزنىڭ قولىڭىزنى باغلىماي مۇناردىن تاشلايلى، — دېدى.

— ئانام ماڭا: «بېشىڭىزغا بالا - قازا كەلگەندە بۇ ئالتۇن ھالقىنى بۇخارا ئەۋلىياغا ئاتاپ سەرپ قىلىڭ» دېگەنىدى. سىلەرگە قانداقمۇ بەرگىلى بولسۇن، — دېدى مەلىكە.

جاللاتلار دەرغەزەپ بولۇپ، مەلىكىنىڭ قوللىرىنى باغلىدى. مەلىكە جاللاتلارغا:

— بىر ئاز تەخىر قىلىڭلار. مەن بۇخارا ئەۋلىيا يولىدا بۇ نەزىرنى بېشىمدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلاي، ئاندىن تاشلىساڭلارمۇ كېچىكمەيسىلەر، — دېدى.

جاللاتلار مەلىكىگە:

— ئۇ ئالتۇننى بىزگە بەرمەي، يوق ئەۋلىياغا ئاتاپسەن. قېنى سېنىڭ ئۇ ئەۋلىياغا نەزىر قىلغىنىڭنى كۆرەيلى، — دەپ، مەلىكىنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاشقا تۇردى. مەلىكە:

— ئەي پىرىم، سىزنى سېغىندىم، — دەپ، ئالتۇن ھالقىنى يەرگە تاشلىدى. جاللاتلار مەلىكىگە تۈرلۈك ئازابلارنى قىلىپ، تىرماقلىرىغا مىخ ئۇردى. مەلىكە زار - زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى. نەزمە:

بەلا گەردان ئاتلىرىڭ،
ئەرش ئۈستىدە زاتلىرىڭ.
بۇخارادا جايلىرىڭ،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

بىز يوق ئىدۇق بار قىلغان،
ئالما بىرىپ قۇل قىلغان.
دۇنيانى يەتتە ئايلانغان،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

مۇرەت بىشىغا كۈن چۈشتى،
ھاجەت ساڭا يىتىشتى.
تۆھمەت ئەجەل كىلىشتى،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

بىر كۈن چۈشتى بىشىمغا،
رەھىم ئەيلەگىن ھالىمغا.
سەدىقە بەردىم يولۇڭغا،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

مۇنار ئۈستى ئاجىزمەن،
دۇئا بىلەن كەلسە مەن.
مەدەت سىزدىن تىلەرمەن،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

ئەۋۋەلىمدە يوق ئىدىم،
ئالما بىرىپ قۇل قىلدىڭ.

ئەجەل ـ قىسمەت بۇ كۆندە ماڭا يەتكۆزدىڭ،
بۆگۆن بىزگە مەدەت بېرەر كۆنىڭدۇر.

مېنى تاشلار جاللاتلار مۇندىن مۇنارە،
بولۇر بۇ جان ئۇستىخان مۇندا مىڭ پارە.
مېنى ئازاد قىلماققا قىلدىم مىڭ نالە،
بۆگۆن بىزگە مەدەت بېرەر كۆنىڭدۇر.

قۇدرەت بىلەن پىرىم مۇندا يەتكۆزگىن،
مەن غېرىبىنى بۇ كۆندە ئۇتتىن ئالدۇرغىن.
قىلغان نالەم بۇ كۆندە پىرغا يەتكۆزگىن،
بۆگۆن بىزگە مەدەت بېرەر كۆنىڭدۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئالەم لەرزىگە كەلدى. مۇنار ئۇستىدە نالە ـ زار بولۇپ، قىيامەت قايىم بولدى. بىر جاللات مەلىكىنى مۇناردىن تاشلىماقچى بولدى. مەلىكە ئۇنىڭغا:

— بىر ئاز توختىغىن. ئادەم دۇنياغا بىر قېتىم كېلىدۇ. مېنىڭ بۇخارادا بىر ئەۋلىيا پىرىم بار. مەن پىرىم ئۇچۇن دۇئا قىلىۋالاي. ئاندىن قانداق قىلساڭ قىل، — دېدى.

— ئەي ئەخمەق مەلىكە، بۇخارا بۇ يەردىن ئون كۆنلۆك يول تۇرسا. سېنىڭ ئاۋازىڭ ئۇ يەرگە قانداق يېتىدۇ؟ سەن ھىيلە بىلەن قۇتۇلۇشنى ئويلاۋاتىسەن، — دېدى. مەلىكە جاللاتقا:

— ئەۋلىيا دېگەن ئۇلۇغ كىشىدۇر، — دەپ، بۇخارا تەرەپكە قاراپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى، نەزمە:

دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، «ئاللاھۇ!» دەپ مۇنارنىڭ تۆ‐
پىدە پەيدا بولدى. تاجى ئەۋلىيا قارىسا، مەلىكە مۇناردىن
پەسكە چۈشۈپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەۋلىيا قولىنى كۆتۈرۈپ، تەڭ‐
رىگە دۇئا قىلدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مۇرىدىمغا بالا كەلسە،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى يا رەب.
بېشىغا مىڭ جاپا كەلسە،
ئۇنى ياندۇر ئۆزۈڭ يا رەب.

غېرىب ـ مىسكىن جېنى كەتتى،
تېنى مۇندا غېرىب بولدى.
جېنىدىن ھەم ئۈمىد ئۈزدى،
ئۇنى ساقلا ئۆزۈڭ يا رەب.

مۇناردىن غېرىب چۈشتى،
جېنى تەندىن جۇدا بولدى.
پىرىم ئاللا دەبان كەتتى،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى يا رەب.

تامۇمۇ ئايۇ ـ يۇلتۇزلار،
مۇرىتىمدا ئىگەر باشلار.
يولۇڭدا ھەم تۆكەر ياشلار،
ئۆزۈڭ ساقلا ئۇنى يا رەب.

تاجى ئەۋلىيا بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن تەڭ‐
رىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مەلىكە نەزىر قىلغان ھالقا ئەۋلىيا‐

بۈگۈن سىنى ياد قىلدىم،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا

بۇخارادا پىرىمدۇر،
ئاجىز مۇندا قۇلۇڭدۇر.
كېتەر يولۇم قازادۇر،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

مېنى تاشلار مۇنارە،
ئۈستىخان بولۇر مىڭ پارە.
جانىم كېتەر نەچارە،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

ئاتا - ئانا مەندە يوق،
بىر خۇدادىن ئۆزگە يوق.
سەندىن مەدەت مۇندا يوق،
ھازىر بولۇڭ ئەۋلىيا.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جاللاتلار ئۇنى مۇناردىن تاشلىدى. مەلىكە: «ياپىرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن» دەپ مۇناردىن چۈشۈپ كەتتى، مۇنار ئۈستىدە غوۋغا چىقىپ، قىيامەت قايىم بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى بۇخارادىكى بالا گەردان ئەۋلىيادىن ئىشتىڭ.

بۇخارادىكى بالا گەردان ئەۋلىيا ئوتتۇز ئۈچ مىڭ شاگىرتلىرى بىلەن تەكرىگە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەۋلىيانىڭ قۇلىقىغا: «يا پىرىم، ماڭا مەدەت قىلغايسەن»

دۇئا بىلەن نىياز كەلتۈر،
ئانالى كەلدى تونۇدۇڭمۇ؟

ئانالى مۇندا تولا يىغلاپ،
قىيامەت دەشتىگە يىغلاپ.
كېنىزەكلەر، قانلار يىغلاپ،
ھەممە كەلدى تونۇدۇڭمۇ؟

مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاجى ئەۋلىيانىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا نەزرە قويدى. ئانىسى ۋە ئاكىسىمۇ ئەۋلىياغا ئاتاپ مىڭ تىللادىن نەزرە قويدى. جاللاتلار مۇناردىن چۈشۈپ، تاجى ئەۋلىيانىڭ ئايىغىغا باش قويدى. تاجى ئەۋلىيا شەھەر خەلقىگە قاراپ:

— ئەي پەرزەنتلىرىم، ھالال بولماڭلار. مۇرىتلىرىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، مېنى يادىغا ئالسا، مەن ئەلۋەتتە بىر ئىلاج قىلىپ ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. پادىشاھ تاجى ئەۋلىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا باش قويدى. پادىشاھ خەزىنىلىرىنى ئاچقۇزۇپ ئەۋلىيا ھەققىدە، شەھەردىكى دەرۋىش-مىسكىنلەرگە سەدىقە بەردى. تاجى ئەۋلىيا ھەلىكىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ، ئۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ:

— قىزىمنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم. چاھار باغقا كىرىپ، كېنىزەكلەر بىلەن سەيلە-تاماشا قىلسۇن. قىزىمنى يولدىن چىقارغان شاھزادىنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

نىڭ ئوڭ قولىغا چۈشتى. ئەۋلىيا قارىسا مەلىكە رەناخان يەرگە چۈشۈپ كېتىشكە نەيزە بويى ئارىلىق قېلىپتۇ. ئەۋلىيا دەرھال مەلىكىنى تۇتۇپ ئاستا يەرگە قويدى. شەھەر خەلقى تاجى ئەۋلىيانىڭ ئاياغلىرىغا باش قويۇشتى. مەلىكىنىڭ ئانىسى بىلەن كېنىزەكلەر مەلىكىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئانىسى مەلىكىنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى سىلىدى. مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ ئانىسىنى تونۇدى. ئانىسى زار-زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

بالانىڭ ئانىغا بارغان،
ئانىسىنى يېتىم قىلغان.
چاھار باغنى ۋەيران قىلغان،
ئاناڭ كەلدى تونۇدۇڭمۇ؟

مېنى تاشلاپ مۇنار ئۈستى،
تېنىمنىڭ قۇۋۋىتى كەتتى.
زامان ئاخىر ساڭا يەتتى،
زامان كەلدى تونۇدۇڭمۇ؟

قېرىنداشلار ئېسەن بولسا،
سېنىڭ تۇتقان پىرىڭ بولسا.
بېشىڭدا مېنىڭ بالا بولسا،
ئاناڭ كەلدى تونۇدۇڭمۇ؟

خۇدانىڭ قۇدرىتى كەڭدۇر،
بالالارنى پىرىڭ ياندۇر.

بولۇپ مۇندا ۋىسالىلاردىن،
كېلىنىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

بۇگۈن سەندىن ئۈمىد ئۈزدۈم،
خۇدادىن كۆپ تەلەپ قىلدىم.
سېنىڭ ھالىن زەبۇن كۆردۈم،
كېلىنىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

بالام دىبان كۆزدە يېشىم،
بۇ غەملەردە بولۇپ بېشىم.
زەھەر بولدى يېگەن ئېشىم،
كېلىنىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ئۇلار يىغلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ ئاكىسى مەقسۇتخان كېلىپ:

— مەلىكىنى چاھار باغقا ئورۇنلاشتۇرايلى. ئۇتتۇز كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن. ئۇ يىگىتنى تۇتقاندىن كېيىن، مەلىكە ئەركىن ھەرىكەت قىلسا بولىدۇ، — دەپ باغۋەن ئانىنى مەلىكىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويدى. جاللاتلار شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇننى تۇتۇشقا تەرەپ - تەرەپكە چېپىشقان بولسىمۇ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇندىن ئىشتىڭ.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن ئۆز شەھرىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتىسىغا:

— شام شەھرىدە سودىمىز ناھايىتى ياخشى بولىدى. مېنىڭ تىللا بىلەن تۇرغۇن ماللار شام پادىشاھىدا ئامانەت

كېنىزەكلەر مەلىكە رەناخاننى چاھار باغقا ئېلىپ ماڭماقچى بولدى، مەلىكە كۆپ ئازابلار چەككەچكە يول يۈرەلمەي قالدى. ئانىسى قىزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

خۇدا سالدى بۇ كۈلپەتنى،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.
ئەزىز باشىڭغا زۇلۇم ئەيلەپ
بۇ زۇلمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

قىزىل گۈللەر سولۇپ كەتتى،
قەزانىڭ ئوقىغا يەتتى.
پىرىڭ مۇندا كېلىپ تۇتتى،
بۇ قىسمەتلەر ئەزەلدىندۇر.

كېنىزەكلەر بىر مەپىنى تېپىپ كېلىپ، مەلىكىنى ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار چاھار باغقا كەلگەندە، باغۋەن ئانا چىقىپ، زار - زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى. نەزمە:

قازانىڭ يولىغا بارغان،
ئانىسىدىن ئۈمىد ئۈزگەن.
مۇنار ئۈستى قاراپ تۇرغان
كېلىنىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

خۇدا ساقلاپ بالالاردىن،
خالاس قىلدى قازالاردىن.

زىندانغا تاشلىدى. سىزنى تۇتۇشقا شەھەر ـ شەھەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى. مەلىكە ھازىر چاھار باغدا. ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، ـــ دېدى سارايۋەننىڭ خوتۇنى.

شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم،
ئۆتكەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ؟
پانىي دۇنيا مېھنەت تارتىپ،
ئۆتكەن بارمۇ، بىلگەن بارمۇ؟

ئۆمرۈم ئۆتتى ھەسرەت بىلەن،
ئىشىق يولىدا مېھنەت بىلەن.
يارىم قالدى زۇلمەت بىلەن،
يارنى كۆرمەي ئۆتكەن بارمۇ؟

جۇدالىق دەردىدىن سولدۇم،
يار كويىدا ئادا بولدۇم.
پانىي دۇنيا مۇندا كەچتىم،
مۇرادىغا يەتكەن بارمۇ؟

ئەزەل كۈندە يېزىلىپدۇر،
پېشانەمگە پۈتۈلۈپتۇر.
قىسمەت بىزگە ئاتەش داغى،
مەقسىتىگە يەتكەن بارمۇ؟

قابا پەلەك ئادەم ئوغلى،
سۇلايماندۇر داۋۇت ئوغلى.

قالدى. شام پادىشاھقا ئۇن كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. ماڭا سەكسەن تۆگە مال تەييارلاپ بەرسىڭىز، — دېدى.

بىر نەچچە كۈن ئىچىدە سەكسەن تۆگە مال تەييار قىلىندى. شاھزادە چاكارلىرى بىلەن يول تەييارلىقىغا كىرىشتى.

پادىشاھنىڭ قىرىق كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان بىر تۆگىسى بار ئىدى. شاھزادە ئاتىسىغا:

— ماڭا تېز يۈرەر تۆگىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىز. مەن چاكارلارنىڭ ئالدىدا بېرىپ، ئامانەت قالغان پۇللارنى ئېلىپ تۇرسام، — دېدى. پادىشاھ تېز يۈرەر تۆگىسىنى شاھزادىگە بەردى.

شاھزادە يىگىرمە چاكار بىلەن سەكسەن تۆگە مالنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، شاھزادە تېز يۈرەر تۆگىنى مىنىپ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى. نىزامىدىن ئاخۇن ئۇن بەش كۈنلۈك يولنى ئاش ۋاقتىغىچە بېسىپ، شام شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ تۆگىسىنى پىنھان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قەلەندەر سۈرىتىدە يېلىنىپ شەھەرگە كىردى.

شاھزادە سارايۋەننىڭ ئۆيىگە كەلدى. سارايۋەننىڭ خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىلگىرى سىزلەرنىڭ سارايغا چۈشكەن سودىگەر بولىمەن، — دېدى شاھزادە.

— سارايۋەننىڭ خوتۇنى شاھزادىنى تونۇپ، ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— سىز ناھايىتى خەتەرلىك چاغدا كېلىپسىز. ئېرىمنى

چۆچۈپ ئويغاندى. نىزامىدىن ئاخۇن رەناخاننى ئېلىپ، سىرتقا چىقتى.

— ئەي گۈل يارىم، — دېدى مەلىكە، — مېنى ئوتتا قويۇپ، ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ھالىم ناھايىتى خاراب، مەن ئەجەل دەرياسىدىن ياندىم. بۈگۈن سىزنى تۇتۇۋالسا، ئىككىمىزگىلا خەتەر يېتىدۇ. سۆزىڭىز بولسا تېز دەڭ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شاھزادە.

— بىر جاي تېپىڭ، ئۇ يەرگە ئادەم قەدىمى يەتمىگەن بولسۇن. ئۇ ئورۇننى تەييار قىلغاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە كېلىڭ. بىز بۇ شەھەردىن كېتەيلى. بولمىسا ئاتام ئىككىمىزنى ئامان قويمايدۇ، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە مەلىكىگە بەش يۈز تىللانى بېرىپ:

— مەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن. سىز نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى تەييار قىلىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

شاھزادە مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ، شەھەردىن چىقتى. شاھزادە تۆگىسىگە مىنىپ، ئۆز شەھىرىگە راۋان بولدى. چۈش ۋاقتىدا ئوممان دەرياسى بويىغا كېلىپ ئارام ئالدى. شاھزادە ئوممان دەرياسىغا قارىسا، بىر مۇنچە غازلار ئۆز جۈپتلىرى بىلەن قوغلىشىپ يۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرۈپ نىزامىدىن ئاخۇننىڭ كۆڭلى بىئارام بولدى. ئۇ: «يېنىمدا يارىم بولغان بولسا، مەنمۇ بۇ غازلارغا ئوخشاش خۇشال يۈرگەن بولاتتىم» دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئاشىق بولۇپ بۇ يەردە قالدىم ھەسرەتتە،
تىلسىز ئاشىق ئوينايدۇر سۇنىڭ ئۈستىدە.
مۇرادىمنى تاپمايىن ياندىم ھەسرەتتە،
ئىشىق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ھىجران دەشتى ياقۇپ ئوغلى،
كەنتاندەك ئۆتكەن بارمۇ؟

جۇدالىقنىڭ دەردى يامان،
ھىجران ئوتلار قىلدى سامان.
ئاشىقلارنى قىلدى ۋەيران،
مەقسىتىگە يەتكەن بارمۇ؟

پانىي دۇنيا كۆڭۈل بەرمە،
ھىجران ئوتىغا ئۆزۈڭ ئۇرما.
كەلمەس يارنىڭ يولىن يورمە،
كەلمەس يارنى تاپقان بارمۇ؟

نىزامىددىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن:

— مەن مەلىكە بىلەن ۋەدە قىلىشقان. ماڭا ئەجەل يەتكەن بولسا، ئىلاجىم يوق. مەلىكە بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈشۈم كېرەك، — دەپ، ئىككى يۈز تىللانى سارايۋەننىڭ خوتۇنىغا بەردى.

شاھزادە قولىغا بىر خەنجەرنى ئېلىپ، شاھان لىباسىنى تاشلاپ، يېرىم كېچە بولغاندا چاھار باغقا قاراپ راۋان بولدى.

نىزامىددىن ئاخۇن چاھار باغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سۆگۈچ ئارقىلىق باغقا كىردى. ئۇ مەلىكىنىڭ ھوجرىسى ئالدىغا كېلىپ قارىسا، مەلىكە ئۇخلاپ قېپتۇ. شاھزادە ھوجرىغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ ئاغزىنى تۇتتى. مەلىكە

شاھزادە چاكارلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە خەزان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. نىزامىدىن ئاخۇن ئوردىغا كىرىپ، ئاتىسىغا سالام قىلغاندىن كېيىن:

— شام شەھىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن سودىگەرلەر كېلىپتۇ. بىزنىڭ سودىمىزغا خېرىدار ئازدەك قىلىدۇ. چاكارلار دامان شەھىرىدە قالدى. سىزگە بىر ئەرزىم بار. شۇنى يەتكۈزگىلى كەلدىم، — دېدى.

— قانداق ئەرزىڭ بار؟ — دېدى پادىشاھ.

— ئەي ئاتا، شام پادىشاھى ئۈچ يۈز ئاتمىش ۋەزىرى بىلەن بۇ شەھەرگە شىكارغا كەلمەكچى بولدى. ئەگەر شام پادىشاھىنى شەھەرگە باشلىساق، بىزگە خەتەر يېتىدۇ. بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان بىر لەڭگەر بار. ئۇ جاينى ياسىتىپ قويساق، شام پادىشاھى كەلسە شۇ جايغا چۈشسە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىزگىمۇ خەتەر يەتمەيدۇ، — دېدى شاھزادە.

پادىشاھ شاھزادىنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولدى.

ئىككىنچى كۈنى شاھزادە بەش يۈز ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، لەڭگەرنى ياساشقا كىرىشتى. يەتتە كۈن ئىچىدە ئىككى مېھمانخانا، چوڭ بىر قورۇ ياسالدى. سەككىزىنچى كۈنى بەش يۈز ئادەمنى قايتۇرۇپ كەلدى.

شاھزادە ئىككى ھۇجرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلدى. خوجا قاسىم دېگەن چاكارنى ئىككى ئادەم بىلەن ئۇ يەردىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى. شاھزادە پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، دامان شەھىرىگە يول ئالدى.

نىزامىدىن ئاخۇن بىر كۈن يول يۈرۈپ، دامان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاكارلىرىدىن سودىنىڭ

ئاشىق بولسا مەشۇقنى كۆرۈپ سۆزلىسۇن،
ئىچىدىكى سىرىنى بايان ئەيلىسۇن.
دۈشمەن بولسا قېشىدا ئەسلا بىلمىسۇن،
ئىشىق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

تەڭرىم بەردى جانىۋارغا جۈپتى يارىنى،
قانات بەردى ئۇلارغا يوقتۇر سانىنى.
غېرىب ئاشىق تاپقاندىمۇ مۇندا يارىنى،
ئىشىق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

ماڭا كەلدى يارىمنىڭ ھىجران پىراقى،
بۇ بېشىمدىن كەتمىدى يولنىڭ يىراقى.
بۇ جېنىمنى كۆيدۈردى يارنىڭ پىراقى،
ئىشىق ھىجران باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

بۇ دەريانى كۆرۈبان كۆڭلۈم شىشىلدى،
غازى مەشۇق ئويناشىپ سۇلار چىچىلدى.
ئاشىق - مەشۇق كەلگەندە كۆڭلۈم ئېچىلدى،
ھىجران ئىشىق باغرىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

شاھزادە يولىنى داۋام قىلدى. كەچ بولغاندا دامان شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسا ئۆزىنىڭ تۆگىلىرى تۇرۇپتۇ. شاھزادە چاكارلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— شام شەھىرىگە بېرىپ كەلدىم. سودىگەرلەر كۆپ ئىكەن. سىلەر بۇ شەھەردە سودا قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئاتامدىن ماللارنىڭ باھاسىنى توختىتىپ كېلەي، — دېدى.

— باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى ئېلىۋالايلى.
— ئۇلارنى چاقىرساق، بىز خەتەرگە قالمامدۇق؟
— مەن كەتسەم باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى ئۆلتۈرىدۇ. بىز بىللە كەتسۇن، — دېدى رەناخان.
— ئۇنداق بولسا سارايۋەنىمۇ ئېلىۋالايلى. تېز تەييار بولۇڭ. مەن ئۇنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلەي، — دېدى شاھزادە.
نىزامىدىن ئاخۇن شۇنىڭدىن كېيىن زىندانغا باردى. قارىسا زىندان بېگى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. نىزامىدىن ئاخۇن بىر خەنجەر ئۇرۇش بىلەنلا، زىندان بېگىنى ئۆلۈم ئۇيقۇسىغا غەرق قىلدى. ئاندىن زىندان ئاچقۇچىنى ئېلىپ، سارايۋەنىنى قۇتقۇزدى.
بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندە مەلىكە باغۋەن ئانا بىلەن گۈلجامالنى باشلاپ كەلدى. نىزامىدىن ئاخۇن مۇشۇ ۋاقىتتا سارايۋەنىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار چاھارباغدىن چىقىپ، سارايۋەنىنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ئالدى - دە، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىۋەنلەر:
— كىم سىلەر؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— مەن مەلىكە بولىمەن. بۇلار مېنىڭ خىزمەتچىم. بۇزرۇكۋارنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن. بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى مەلىكە.
دەرۋازىۋەن ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرىۋەتتى.
شاھزادە تۆگىسىنى قويغان سارايغا كېلىپ، سارايۋەنگە:
— بۇ يەردە مەپىكەشلەر بارمۇ؟ — دېدى.
— مېنىڭ بىر مەپەم بار.
— ئۇن كۈنلۈك ھەققى قانچە؟
— بەش يۈز تىللا.

ئەھۋالىنى سورىدى. چاكارلار مالنىڭ يېرىمىنى سېتىـ
بولۇپتۇ. شاھزادە چاكارلىرىغا:

— مەن شام شەھىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىمەي
ئەگەر سودىگەرلەر يانغان بولسا، قالغان سودىنى شۇ يەرگ
ئاپىرايلى، — دەپ، تۆگىسىگە مىنىپ شامغا يول ئالدى

شاھزادە شام شەھىرىگە كېلىپ، سارايۋەنىنىڭ ئۆيىگ
چۈشتى. سارايۋەنىنىڭ خوتۇنى شاھزادىگە:

— سىزنى تۇتۇش ئۈچۈن تەرەپنى ئىزدەۋاتـ
دۇ، ئېرىم تېخى زىنداندىن چىقمىدى. سىز بىر ئامال قىلـ
ئېرىمنى زىنداندىن ئازاد قىلسىڭىز، — دېدى.

نىزامىدىن ئاخۇن:

— ئەنسىرىمەڭ، ئېرىڭىزنى زىنداندىن ئۆزۈم ئازاد
قىلىمەن، — دەپ، سارايۋەنىنىڭ خوتۇنىغا ئىككى يۈز تىللا
بەردى.

يېرىم كېچە بولغاندا شاھزادە چاھارباغنىڭ كۈنـ
چىقىش تەرىپىدىكى سۆگۈچ بىلەن باغقا كىردى. شاھزاد
مەلىكىنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. ئىشىككە مىخ قېقىۋېـ
تىپتۇ. شاھزادە: «ئىشىم چاتاق بولدى» دەپ ئەتراپىغـ
قارىدى. ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن سۇس چۈشكەن يورۇقنى
كۆردى. شاھزادە دېرىزىدىن قارىدى. مەلىكە دېرىزە ئالدىد
ياتقانىكەن. شاھزادە بەلبېغىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ ئۈستىگ
تاشلىدى. مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ شاھزادىنىڭ كەلگەنلـ
كىنى بىلدى — دە، سىرتقا چىقتى.

مەلىكە شاھزادىنى كۆرۈپ:

— ئىشلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىشلارنى دېگىنىڭىزدەك قىلدىم. بۈگۈن كەچ ب
شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى.

بىزلەر كەلدۇق ئارمان بىلەن،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۇن.

يارىم كەلدى يوللار بىلەن،
كىلىشمەككە باغۇەن بىلەن.
دۈشمەن قالدى ئارمان بىلەن،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۇن.

گۈللەر باشى ھەم تۇماندۇر،
يارىم كۆڭلى ھەم ئاماندۇر.
جۇدا بولماق ھەم ياماندۇر،
مەن يارىمنى ئالدىم بۇگۇن.

ئىنىرامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغانـدىـن كىـيـن، رەناخان خۇشال بولۇپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

سىنى دەپ بۇ كۈندە مەن شەھىرىمدىن ئايرىلدىم،
مېھرىبان ئاتا ـ ئانامدىن، باغۇ گۈلدىن ئايرىلدىم.
كۆڭۈل دەردى ئىشقىدا مۇساپىر بولدۇم،
مىنىڭ يۈرگەن جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

رازى بولماي ئاتامدىن كۆڭلۈم ئارماندا،
قىزلار قالدى بىغىمدا ھەسرەت، دەرماندا.
دوستلۇق يولى كەلتۈرگەن ياتتى زىنداندا،
مىنىڭ بارغان جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

ئاشىق يولىدا يۈرگەنلەر مەندەك بولمىسۇن،
ئاشىق بولسا شەھىرىدىن مەندەك تانمىسۇن.

— ئۇن كۆنلۈك يولنى بىر كېچە - كۈندۈزدە باس
دىغان مەيە بولسا، مىنىڭ تىللا بېرەتتىم، — دېدى شاھزاد
شاھزادە سارايۋەندىن ئىككى مەپىنى ئېلىپ، يول
راۋان بولدى.
ئۇلار شام ۋىلايىتىدىن چىقىپ بولغۇچە، شاھزادە سەل
ئەندىشە قىلدى. ھەلىكە شاھزادىگە قاراپ:
— ئەي شاھزادە، ناھايىتى غەمكىن كۆرۈنىسىزغۇ؟
نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.
نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانغا قاراپ، دەرد بىلەن
بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

بۇ پانىي ئالەم دۇنيادا،
مەن يارنى ئالدىم بۈگۈن.
غەم بىلەن غەمخور بولۇپ،
مەن يارىمنى ئالدىم بۈگۈن.

كېچە - كۈندۈز نالە قىلىپ،
بۇ بېشىمنى غەمگە سېلىپ.
يارىم كەلدى سازىن ئېلىپ،
مەن يارىمنى ئالدىم بۈگۈن.

يارىم كەلدى يەنە، يەنە،
قىزلىرى باردانە، دانە.
پۇردا ئىچىدە بولدى زارە،
مەن يارىمنى ئالدىم بۈگۈن.

يارىم كەلدى مېنىڭ بىلەن،
چاھار باغى يوللار بىلەن.

قىرىقتىن پانۇس ھۇجرامدا شاملار ئېسىقلىق،
ئېيلىم، خەلقىم ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

قىرىقتىن سەكسەن بىساتىم ھۇجرامدا ئېسىقلىق،
قىرىقتىن سەكسەن تۆشەكتە تەكىيە قوياقلىق.
قەن - گېزەكتە چايلىرىم گوتتا قوياقلىق،
ئېيلىم، خەلقىم ھۇجرامنى خەبەر ئەيلىسەم.

ئىززامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەلىكە خۇشال بولدى. رەناخان ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كەينىگە قاراپ «ئۆز شەھىرىمدىن ئايرىلدىم» دەپ قايغۇردى. شاھزادە:
— سىز مەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدىغان گوخشايسىز، — دەپ خاپا بولدى.
مەلىكە رەناخان:
— كىشى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا قايغۇرمامدۇ؟ ئۆز يۇرتىنى سېغىنمىغان ئادەمنى دېگىلى بولامدۇ؟ سىز مېنى شەھىرىمدىن ئېلىپ چىقىپلا، تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ — دەپ، كۆڭلىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئەھلىم ماڭا دۇشمەن بولدى،
ئاتا - ئانام نالان قىلدى.
قىزلار ئاندا غەمدە قالدى،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆڭلەر.

سېنى دەھان كەچتىم جاندىن،
باغۇەن بىلەن كەلدىم ئاندىن.

ئاشىقلارنىڭ ۋەدىسى يالغان بولمىسۇن،
مېنىڭ يۈرگەن جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

مېنى مۇندا ئەپكەلدىڭ جايىڭ بىلمەسمەن،
ئاشىق يولىنى كۆرۈبان ئۆتتىن يانماسمەن،
زۇلۇم يەتسە بېشىمغا ھەرگىز يانماسمەن.
مېنىڭ بارغان جايىمنى بايان ئەيلەيىن.

نىزامىدىن ئاخۇن رەناخانغا قاراپ دەرد بىلەن
بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سېنىڭ بارار جايىڭدا ئالتۇن ھۇجرام بار،
ئالتۇن تىللا تاملىرى قىرىقتىن پەنجىر بار.
كىمخاب ئەتلەس قۇراقتىن تۆرلۈك تۆشەك بار،
ئېلىم، خەلقىم، شەھىرىمنى خەبەر ئەيلىسەم.

سېنىڭ تۇرغان جايىڭدۇر ئالتۇن پەنجىرىلىك،
ئىشىكلىرى تىللادىن پولات زەنجىرلىك.
تۆت تەرەپتە تاشلىرى ئەينەك ـ گۆھەرلىك،
ئېلىم، خەلقىم ھۇجرامنى خەۋەر ئەيلىسەم.

سېنىڭ ياتقان جايىڭدۇر ئون تۆت قەۋەتلىك،
سېنىڭ يېگەن غىزايىڭ شېرىن، لەززەتلىك.
سېنىڭ ھۇجراڭ تاملارى لەئل ياقۇتلۇق،
ئېلىم، خەلقىم شەھىرىمنى خەبەر ئەيلىسەم.

قىرىقتىن ئاپتوۋا ھۇجرامدا تۆرلۈك ئېسىقلىق،
قىرىقتىن ئالتۇن پەتنۇسلار تەختتە قوياقلىق.

دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ ئۇممان دەرياسى،
بۇ ساندۇقنى يەتكۈزگىن قادىر خۇدايى.
يېتىملارنىڭ يېشىدۇر مۇندا گۇۋاھى،
قۇدرىتىڭدىن جىمى شەيئى مەۋجۇتتۇر.

ئۈمىد بىلەن كېلىپمەن ئۆزۈڭ نىجات بەر،
ئاققان دەريا ئۈستىدىن مۇندا نىجات بەر.
بۇ چۆرۈلگەن ساندۇققا ئۆزۈڭ بول رەھبەر،
قۇدرىتىڭدىن شەيئى مۇندا مەۋجۇتتۇر.

غېرىب بولۇپ يۇرتۇمدىن مۇندا ئايرىلدىم،
سېنىڭ قۇدرەت ئىلمىڭنى دەريادا كۆردۈم.
قۇدرەت سۈپەت يولۇڭدا ئىنتىزار تۇردۇم،
قۇدرىتىڭدىن جىمى شەيئى مەۋجۇتتۇر.

مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن شامال پەيدا بولدى. شامال ساندۇقنى دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقاردى. شاھزادە ساندۇقنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار قارىسا، بۇ غەلىتە ساندۇق ئىكەن. ساندۇقنىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمىدى. شاھزادە مەلىكىگە:
— يولدىن قالمايلى. ئاتىمىزنىڭ ئادەملىرى بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ساندۇق ئىچىدىن بالىلىق چىقىشىغۇ مەيلى. ئەگەر بىرەر گۇناھكارنى ئۆلتۈرۈپ ساندۇققا سېلىپ قويغان بولسا، بىزگە خەتەر يېتىشى مۇمكىن. بىز يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى.
— بۇ ساندۇقنى ماڭا بەرسەڭلار. مەن شەھىرىمگە ئېلىپ

مېھىر ـ ۋاپا كۆرمەي سەندىن،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.

باشىتا قىلغان سۆزۈك قالدى،
بۈگۈن يارىم مەندىن تاندى.
بارغان جايغا بېشى قايىدى،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.

ئۆزۈك چاغلاپ مېنى ئالساڭ،
ئۆز شەھىرىڭگە يالغۇز بارساڭ.
مېنى مۇندا يالغۇز قويساڭ،
يارىم ھالى بۇدۇر كۆنلەر.

مەلىكە بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شاھزادە ئەپۇ سورىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن يۈرگەندىن كېيىن ئۇمان دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. شاھزادە مەپىكەشلەرنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى.

— نىزامىدىن ئاخۇن بىلەن رەناخان دەريا بويىدا مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا دەريادىن بىر ساندۇق ئېقىپ كەلدى. ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشتى. شاھزادە ساندۇقنى دەريادىن سۈزۈۋېلىشقا ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ يېقىن بارالمىدى. مەلىكە شاھزادىگە:

— نىزامىدىن ئاخۇن، بىز ھەر بىرىمىز ساندۇققا ئارغامچا تاشلاپ باقايلى. ئۇ ساندۇقنى قايسىمىز تۇتالىساق، شۇنىڭ بولسۇن، — دېدى. مەلىكە بىلەن شاھزادە شۇنچە ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، ساندۇقنى تۇتالمىدى. مەلىكە دەرياغا قاراپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى، نەزمە:

ئۇۋالىمغا سەن قالىسەن،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

ئاتام كەلسە مېنى تۇتار،
گۈل بېشىمغا ئوتنى ياقار.
ئەزىز جېنىم تەندىن چىقار،
بارغان يولغا مېنى قويغىن.

ئەزىز جېنىم هايات بولسا،
بارغان جايدا غېرىب بولسا.
ئاخىر بىركۈن يارنى كۆرسە،
كېتەر يولغا مېنى قويغىن.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەيكەشنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى.

— ئەي مەلىكەم، مەن سىزلەرنى يىگىرمە كۈنلۈك يەرگە ئېلىپ كەلدىم. بۇ خىزمىتىم ئۈچۈن ساندۇقنى ماڭا بەرسىڭىز، — دېدى مەيكەش رەناخانغا.

مەلىكە ساندۇقنى مەيكەشكە بەرمەكچى بولدى. ساندۇق ئىچىدىن يەنە ئاۋاز چىقتى. نەزمە:

مېنىڭ كۆڭلۈم مۇندا خەستى،
بىر قىز باردۇر ساندۇق ئاستى.
قولاق سالغىن سۆزۈم راستى،
بۇ جېنىمغا ئۇۋال قىلما.

قىزلار كەلدى ساندۇق بىلەن،
دەريا ئىچىدە دەرمان بىلەن.

كېتىپ يادىكار تۇتسام، — دېدى مەپىكەش.
— ساڭا بەردۇق. بىز سەپەر ئۈستىدىكى ئادەم، ئۇنى قانداقمۇ ئېلىپ كېتىمىز، — دېدى شاھزادە.
مەپىكەش خۇشال بولۇپ، ساندۇقنى كۆتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ساندۇقتىن ئاۋاز چىقتى. نەزمە:

مېنى قايتۇرما شەھىرىڭگە،
قازا يەتتى بۇ بېشىمغا.
غەمنى سالما ئۆز بېشىڭغا،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

ساندۇق ئىچىدە كۆڭلۈم خەستە،
مېنىڭ كۆڭلۈم مۇندا غەمدە.
مەن تۇرارمەن ساندۇق ئىچىدە،
بارغان جايىمغا مېنى قويغىن.

تەپسەڭ ساندۇق ھەم ئېچىلۇر،
گۈل بېشىمغا ھەم سانچىلۇر.
دۈشمەن بولسا ئوتقا سالۇر،
بارغان جايغا مېنى قويغىن.

بىزلەر كەلدۇق قەبرىستاندىن،
سېنىڭ جايىڭ قاي شەھەردىن؟
مېنى قويما كېتەر يولدىن،
كەتكەن جايغا مېنى قويغىن.

دوستلار بولساڭ ساندۇق ئاچقىن،
دۈشمەن بولساڭ مېنى قويغىن.

شاھزادە شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچالمىدى. ساندۇقتىن يەنە ئاۋاز كەلدى. نەزمە:

ھىممەت بولسا كۆڭلۈڭدە ساندۇق ئېچىلۇر،
دۇررى گۆھەر تىللادىن ئۈنچە چېچىلۇر.
مېنى كۆرگەن شۇ يارنىڭ كۆڭلى ئېچىلۇر،
ئىشق يولىنى بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن.

مېنىڭ يېشىم يېتىپتۇر ئون تۆت يېشىمغا،
تۈرلۈك سودا كېلىپتۇر مېنىڭ بېشىمغا،
بىر خۇدادىن ئۆزگەسى يوقتۇر قاشىمدا،
پىنھان سۆزنى بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن.

مېنىڭ مۇندا كەلمەكىم تۈرلۈك مۇشەققەت،
يارىم ئۈچۈن تارتايىن رەنجىيۇ مېھنەت.
يارىم بولسا ھەر جايدا بولسۇن سالامەت،
ئىشق ـ ھىجران يوللاردىن خەۋەر ئەيلىگىن.

مېنىڭ كەلگەن يوللىرىم ئۇممان دەرياسى،
تۇپراق چېچىپ يىغلىدى ئەزىز ئانىسى.
مېنى سىزگە يەتكۈزدى قۇدرەتلىك تەڭرى،
مېنىڭ كۆرگەن دەردىمنى بايان ئەيلەيىن.

قىرىق كۈن بولدى دەريادا يىغلاپ كېلۇرمەن،
ساندۇق ئىچىدە دەردىمنى ھەققە تۆكەرمەن.
ئۇممان دەريا تاشلارغا ھالىم ئېيتارمەن،
مېنىڭ كۆرگەن دەردىمنى بايان ئەيلەيىن.

كېتەر ئۆمرۈم ئارمان بىلەن،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

مېنى قويغىن دەريا بىلەن،
ئۆزۈڭ يانغىن يارىڭ بىلەن.
جۇدا بولدۇم يارىم بىلەن،
قىزلىرىڭنى ئۇتدا قويما.

ھېچكىم مەندەك دەرمان بولماس،
غېرىبلارنىڭ ھالىنى بىلمەس.
قىزنىڭ قەدىرىنى نادان بىلمەس،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

ساندۇق ئىچىدە ئۆزۈم ھەيران،
شەھىرىم قالدى يوقتۇر دەرمان.
كەلگەن جايىم دەريا ئوممان،
قىزلىرىڭنى ئوتتا قويما.

مېنى قويما دۈشمەن يولىغا،
ئەمدى كېتەي مۇندىن سايغا.
قارار تولدى كەلگەن ئايغا،
قىزلىرىڭنى ئوتقا سالما.

مەلىكە رەنا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ شاھزادە نىزامىدىن
ئاخۇنغا:
— ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىڭ، — دېدى.

مېنى سورىساڭ جاماس ھاكىم شاھلىرى،
ئۆچ يۈز ئاتمىش بەگ بىلەن تۆت يۈز كاللىرى،
باغۋەن بىلەن ئويىنارلار قىرىقتىن قىزلىرى،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

مېنىڭ بىلەن ئويىنايدۇر قىرىقتىن كېنىزەك،
قىرىقتىن بىسات ئۇستىدە تۇرلۇك ئالامەت.
ھالۋا بىلەن قەنلەرنى چاي بىلەن سۇتلەپ،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

ماڭا بولدى بۇ قىسمەت ھايۇ ھەۋەستىن،
بۇلبۇل سايراپ چىقتىلار ئالتۇن قەپەستىن.
ماڭا ھىجران تەگدىلەر تۇرلۇك نەپەستىن،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

ھىجران ئىشقى بىزلەرنى بۇ يولغا سالدى،
ئاتام مېنى بەند قىلىپ ساندۇققا سالدى.
مۇتلەق زۇلمەت باشىمغا شۇ كۇندە كەلدى،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

ساندۇق بىلەن تاشلىدى دەريا ئۇممانغا،
يىغلاپ دەردىم ئەيلىدىم باغۋەن ئاتامغا،
بىزدىن سالام ئېيتىڭلار ئەزىز ئاتامغا،
مېنى سورىساڭ شۇ جايدىن مۇندا كېلۇرمەن.

شاھزادە بىلەن مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ:
— بۇ بىچارە بىزگە ئوخشاش ئىشق دەردىدە بۇ

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندى
كېيىن:

— ئۇ قىزنىڭ ئەسلى نەسەبىنى سوراپ، ئاندىن سا
دۇقنى ئاچايلى، — دەپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

سىنىڭ نەسلىڭ بىزلەرگە بايان ئەيلىگىن،
سىنىڭ كەلگەن جايىڭنى ئايان ئەيلىگىن.
ئىچ سىرىڭنى بىزلەرگە ئىزھار ئەيلىگىن،
سىنىڭ كەلگەن شەھىرىڭنى بايان ئەيلىگىن.

سىنىڭ ئاندا ماكانىڭ قايسى شەھەردۇر؟
ئاتا-ئاناڭ نەسلىنى بىزلەرگە بىلدۇر.
ئۆتكەن ئىشنى بىشىڭدىن سەن مۇندا بىلدۇر،
سىنىڭ كەلگەن جايىڭنى بايان ئەيلىگىن.

نەچچە كۈنلۈك يول تۇرۇر سىنىڭ ماكانىڭ؟
نە سەۋەبتىن بەندىدە مۇندا كەلگەنىڭ؟
قانداق گۇناھ ئۆتكەندۇر سىنىڭ بىشىڭدىن؟
بىزگە خەۋەر بەرگەيسەن بىزلەر ئاڭلايىن.

سىنى كۆرمەي بۇ تەندە قالمىدى تاقەت،
غەنىيمەتتۇر بىزلەرگە بولغايسەن ئۈلپەت.
گۈل بىغىڭدا كىلىپتۇر مۇنداق بىر زۇلمەت،
رلستتىن سۆزنى ئېيتايىن قەدرىڭ بىلەيىن.

نىزامىدىن ئاخۇن بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن،
ساندۇقتىن يەنە ئاۋاز چىقتى، نەزمە:

ياشلىق دەۋران كېتىپتۇر قايدا بارۇرمىز،
تەقدىر قىسمەت بىزلەرنى مۇندا ئەيلىدى.

مېنىڭ يۈرگەن شەھىرىمدە قىرىقتىن قىزلار بار،
كېچىلىرى يۈرمەككە قەمەر يارىم بار.
مېنىڭ تۇرغان بېغىمدا تۈرلۈك ئانار بار،
بىزگە شۇنداق قىسمەتلەر ئىزھار ئەيلىدى.

مېنىڭ يېشىم يەتكەندۇر ئون تۆت ياشقا،
مېنىڭ ياتقان جايلىرىم تەخت ئۈستىدە.
چەندان يىگىت يىغلايدۇر مېنىڭ قەستىمدە،
كۆرمەي ئانار بېغىمنى ۋەيران ئەيلىدى.

سورىساڭ مېنىڭ ئېتىمنى گۈلى پىراقدۇر،
مېنى كۆرگەن ئاشىقلار ھىجران داغىدۇر.
مېنىڭ تۇتقان گۈل يارىم چەن زاردۇر،
ئىشق ھىجران بىزلەرنى مۇندا ئەيلىدى.

مەلىكە رەنا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:
— بىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئىشق دەردىدە مۇساپىردۇر-مىز. سىزمۇ بىز بىلەن بىللە مېڭىڭ. ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز. تىرىلسەك تەڭ تىرىلىمىز. ئۇلۇغ تەڭرىم بىزنى ئىشق يولىدا مۇساپىر قىلغان بولسا، بىزگە ئامال يوق، — دەپ مەلىكە گۈلپىراقنى ئېلىپ، يولغا راۋان بولدى.
ئەلقىسسە، ئۇلار يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، شاھزادە ياساتقان لەڭگەرنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۇلار لەڭگەرگە يېقىن كەلگەندە خوجا قاسىم ئالدىغا چىقىپ، ھۆج-

بالاغا قاپتۇ. ئاشىقنىڭ دەردىنى ئاشىق، ئالتۇن قەپەسنىڭ قەدرىنى بۇلبۇل بىلىدۇ، — دەپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

شاھزادە بىلەن مەلىكە ساندۇق ئىچىدە بىر ئاي يۈزلۈك مەلىكىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ھەيران بولۇپ:

— ئەي مەلىكە، قانداق قىلىپ ساندۇق ئىچىگە بەند قىلىندىڭىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا بىر پىيالە سۇ بېرىڭلار. ئاندىن كەچۈرمىشلىرىمنى سىلەرگە بايان قىلاي، — دېدى مەلىكە.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن بىر پىيالە سۇ ئېلىپ كەلدى. مەلىكە سۇنى ئىچكەندىن كېيىن، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنى سورىساڭ جاماس شاھنىڭ قىزىمەن.
بىر جوھۇتنىڭ ئوغلىغا ئاشىق بولۇپمەن.
تۆت يىل مۇددەت بولغاندا كېلىپمەن،
قىسمەت بىزگە شۇ كۈندە ئىزھار ئەيلىدى.

ئوتتۇز كېچە ئوتتۇز كۈن دەريادا يۈردۈم،
ساندۇق ئىچىدە ئۆزۈمنى ئۆلەر چاغلىدىم.
كېچە - كۈندۈز يىغلابان ھەققە سېغىندىم،
مۇنداق قىسمەت بىزلەرگە تەقدىر ئەيلىدى.

رەھىم ئەتمىدى بىزلەرگە ئاتا - ئانىمىز،
ھىجران ئىشقى دەردىدە يىغلاپ كۆلەرمىز.

مېنىڭ تۇغان شەھىرىمدە گۈل پىر ئانام بار،
كىچە ـ كۈندۈز يات ئەتكەن قەمەر يارىم بار.
مېنى بەندكە سالدۇرغان جاماس ئاتام بار.
مېنى كەتتى دېگەيسىز دەريا ئۇممانغا.

دەريا بىلەن كەتكەندۇر تاغلار ئارىسى،
بۇ دەريادىن كەتكەندۇر قىزلار قارىسى.
مېھرى ـ شەپقەت قىلمىدى قىزنىڭ ئاتىسى،
مېنى كەتتى دېگەيسىز دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ تۇغان شەھىرىمنى دۈشمەن بىلمىسۇن،
مېنى ئىزدەپ بۇ يەردە ئوتقا سالمىسۇن.
غېرىبلىقنىڭ شەھىرىدە مېنى قويمىسۇن،
مېنى كەتتى دېگەيسىز دەريا ئۇممانغا.

مەلىكە گۈلپىراق بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شاھزادە ئۈنىگغا:

— ئەي مەلىكە، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېچكىمگە تىنمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

مەلىكە رەنا ھۇجرىدىن چىقىپ نىزامىدىن ئاخۇنغا:

— مېنى ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىپ، مۇساپىر قىلدىڭىز. ئۆز شەھىرىمگە بارغاندا مېھرىبان ئانامغا، مەقسۇتخان ئاكامغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، — دەپ زار ـ زار يىغلىغان ھالدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مۇندىن بارساڭ ئۆز شەھىرىمگە،
مېنى قويدۇڭ داۋانچىگىدا.

رىغا باشلاپ كىردى. شاھزادە ئىككى مەلىكىنى ئىككى ھۇج-
رىغا ئورۇنلاشتۇردى. سارايۋەننى بالا-چاقىلىرى بىلەن بىر
قەسىرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز مەجلىس
قىلىغاندىن كېيىن، شاھزادە يولغا چىقماقچى بولدى. مەلىكە رەنا:

— نەگە بارىسىز، — دەپ سورىدى.

— مەن سودامنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاچ، شام شەھرىگە بېرىپ
كېلەي، — دېدى شاھزادە.

مەلىكە رەنا ماقۇل بولدى. شاھزادە باغۋەن ئانا، گۈل-
جامال ۋە خوجا قاسىمنى ئىككى مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە قويۇپ
شامغا يۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا مەلىكە گۈلپىراق شاھزا-
دىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنىڭ مۇندا كەلگەنىمنى يوللار بىلمىسۇن،
ئۇممان دەريا باشىغە خەلقىم كەلمىسۇن،
مېنى ئىزدەپ دوست-يارىم ھەيران بولمىسۇن،
مېنى كەتتى دېگەيسىز دەريا ئۇممانغا.

مېنى سالغان ساندۇقنى ئېقىپ كەتتى دەڭ،
دەريا ئىچىدە چۆرۈلۈپ يىغلاپ ئۆتتى دەڭ.
ئۇممان دەريا مەنزىلى جايغا يەتتى دەڭ،
مېنى كەتتى دېگەيسىز دەريا ئۇممانغا.

مېنىڭ خەلقىم سىزدىن مېنى سورارلار،
كۆرگەن بولسا دەريانىڭ يولىن ئىزلەرلەر.
ئەزىز ئانام يىغلابان ياشىن تۆكەرلەر،
مېنى كەتتى دېگەيسىز دەريا ئۇممانغا.

مەلىكە رەناخان يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شاھزادە مەلىكىگە:
— بەك قايغۇرۇپ كەتمەڭ، مەن تۆت - بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دەپ، دەرد بىلەن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى، نەزمە:

مېنى مۇندا كەتتى دەپ كۆڭلىن سۇندۇرما،
دۈشمەنلەرگە سىرىڭنى ھەرگىز بىلدۈرمە.
غېرىبلىقنىڭ دەردىنى كىشىگە بىلدۈرمە،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، نازۇك گۈل يارىم.

بۈگۈن مۇندا كېتەرمەن سېنىڭ ھىجرىڭدا،
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن قارا تۈنىندا.
نىسار قىلدىم باشىمنى يارىم يولىدا،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

سېنى دەپ كەچتىم مەن ئاتا - ئانامدىن،
ھىجران ئىشقى يولىدا كەچتىم ئەھلىمدىن.
سەكسەن تۆگە سەرپ ئەتتىم يارىم دەشتىڭدىن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

بىزلەر قايتىپ كەلگۈچە ھۇجرامدا تۇرغىن،
كېلەر مۇددەت قاراردا يولۇمغا باققىن.
بىر خۇدادىن ئۆزگەنى ئارقا تاشلىغىن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

مۇددەت قارار توشماستا قايتىپ كېلۇرمەن،
گۈل بېشىمدىن جېنىمنى نىسار قىلۇرمەن.

غېرىب بولدۇم بۇ شەھىرىڭدە،
سالام ئېيتىڭ گۈللىرىمگە.

ئاتام بىرىگە پەرۋىش قىلغان،
ئانام غەمدە ئۇتتا قالغان.
كېنىزەكلەر غېرىب بولغان،
سالام ئېيتىڭ قىزلىرىمغا.

ئاتام بىزدىن كۆڭۈل ئۈزسۇن،
ئانام مەندىن رازى بولسۇن.
بىز غېرىبنى ھەم ياد ئەتسۇن،
سالام ئېيتىڭ گۈل ئانامغا.

كۆڭۈل بىزنى ۋەيران قىلدى،
ئانىسىدىن جۇدا قىلدى،
بىزنى مۇندا غېرىب قىلدي،
سالام ئېيتىڭ يارانىمغا.

بىزلار تۇرغان چاھار باغىم،
ھۇجرام بېشى كۆپ ئانارىم.
ئوتتا كۆيەر بار ئەزايىم.
سالام ئېيتىڭ گۈللىرىمگە.

مەقسۇتخاندىم ئېيتتىم سۆزنى،
ياخشى بىلدىم مۇندا سىزنى.
خۇدا سالدي ئىككىمىزني،
سالام ئېيتىڭ گۈلنارىمغا.

# شاھ ئادىلخان

جاھان سۆزمەنلىرى سۆزدۇردانىلىرىنى چىچىپ، ئۆتكەن زامانلار ھەققىدە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

يەمەن شەھرىدە شۇنداق بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئەدىل- ئادالەت، ئەقىل - پاراسەت، مالۇ دۇنيادا يىگانە ئىدى. خەلق ئۇنى ئادىلخان پادىشاھ دەپ ئاتىشاتتى. ئادىلخان پادىشاھ تولىمۇ سىخىي، مەرد ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسى ۋىلايەت - ۋىلايەتلەرگە، دۆلەت - دۆلەتلەرگە تارقالغانىدى. يەمەن ئادالەت بىلەن سورالغان بولغاچقا ناھايىتى تېز راۋاج تېپىپ، زامانىسىدىكى يىگانە شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قال- غانىدى. بۇ شەھەرگە مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ يەرگە كەلگەن دىۋانە- ساھىبلار، دەرۋىش، تەركىدۇنيالار، غېرىب - مىسكىنلەر بىر- دەمدىلا غېنى بولۇپ، جاھاننىڭ قايغۇسىدىن، ئالەمنىڭ موھ- تاجلىقىدىن خالاس تېپىشاتتى. پادىشاھ ئادىلخان ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ ئاتىدارچىلىق قىلاتتى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى باشقا مەملىكەتتىن يەتتە قەلەندەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ يەمەن شەھرىگە كەلدى. يەمەن شەھرىنىڭ سىرتىدا بىر لەڭگەر بار ئىدى. قەلەندەر- لەر ئاشۇ لەڭگەردىكى بىر سارايغا چۈشتى. قەلەندەرلەر ئۇياق- نىڭ - بۇياقنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچى- دىن بىرسى:

— ئەي، بۇرادەرلەر، مەن سىلەردىن سوراپ كۆرەي، مۇشۇ

سىنى كۆرۈپ ھالىمنى ساڭا تۆكەرمەن،
مۇندىن كەتسەم كېلۇرمەن، غېرىب گۈل يارىم.

شاھزادە نىزامىدىن ئاخۇن مەلىكە رەناخان بىلەن زار-زار يىغلاشقان ھالدا خوشلىشىپ، شامغا قاراپ راۋان بولدى.

(بۇ داستان شايىردىن تېپىلغان قول يازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى)





زاماندا زادى كىم مەرد ھېسابلىنىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەنە بىر قەلەندەر:

— بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەرد كىشى يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئادىلخاندۇر. ئۇنىڭدەك سېخىي ئىنسان تېخى تۆرەلمىگەندۇر، — دېدى.

باشقىلار ھەيران بولغان ھالدا:

— سۆزۈڭ راستمۇ؟ يالغان ئېيتمايدىغانسەن-ھە؟ — دەپ سوراشتى.

— يالغان سۆزلىگىنىم يوق، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى سېخىيلىقتا يېگانىدۇر، — دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى ھېلىقى قەلەندەر.

ئۇلار ئارىسىدىن يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، بۇ گەپلەرنى بۈگۈن تاللاشمايلى. ئەتە ئەتىگەندە ھەممىمىز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ شاھتىن بىر نەرسە تىلەيلى. تىلىگەن نەرسىمىزنى بەرسە، ناھايىتى ياخشى. سەنمۇ يالغان سۆزلىمىگەن بولىسەن. ئەگەر بىز تىلىگەن نەرسىنى پادىشاھ بەرمىسە سېنىڭ گېپىڭ يالغان بولىدۇ. ناۋادا سۆزۈڭ يالغان بولۇپ قالسا سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىن چىقىپ كەتكىن. ئۇ چاغدا بىزنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز بولمايدۇ.

بۇ گەپكە قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. كەچ كىرىپ كېچە بولدى. تۈن تاڭغا ئالماشتى. قەلەندەرلەر پۈتۈشكىنى بويىچە ئەتىگەندە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەلدى.

پادىشاھ ئادىلخان ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەردمەنلەرنى كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ دەردىگە دەرمان بولاتتى. قەلەندەرلەرنىڭ ئوردىغا كەلگەن ۋاقتى دەل پادىشاھنىڭ ئاجىزلارنىڭ دەردى-ھالىنى سوراش ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇ-

بەلكى بىرەي تەختىم، تاجۇ سۇلتانىم،
خانىمانىم مەندىن جۇدا ئەيلىمە.

ئادىلخان دەر: بىرەي ساڭا مالىمنى،
قۇربان قىلاي تەندە شىرىن جانىمنى.
تۆھپە قىلاي ئاللا ھەققى قانىمنى،
ئاخىرەتتە مىنى رەسۋا ئەيلىمە.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان نەزمىنى تۈگىتىپ قەلەندەرلەرگە قارىدى. قەلەندەرلەر پادىشاھقا قاراپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىزنىڭ مال - دۇنياغا، ئالتۇن كۈمۈشكە ھاجىتىمىز يوق. خەزىنىڭىزدىن تەمەمۇ قىلمايمىز. بىزنىڭ سىزدىن تىلەيدىغىنىمىز يەمەن شەھىرىنىڭ قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقىدۇر. ئەگەر سىز ھەقىقەتەن مەرد - سېخىي ئادەم بولسىڭىز، خەزىنىڭىز بىلەن قوشۇپ شاھلىقىڭىزنى بىزگە قىرىق كۈن ئۆتۈنۈپ بىرىڭ، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئادىلخان قەلەندەرلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي قەلەندەرلەر، سىلەرنىڭ ھاجىتىڭلار شۇ بولسا، بوپتۇ، سىلەر خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئالدىڭلار، شۇ سەۋەبلىك ئەگەر مەندىن جان ياكى قان تەلەپ قىلغان بولساڭلارمۇ بەرگەن بولاتتىم. تەلىپىڭلار قوبۇل بولسۇن، سىلەرگە قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقىمنى بەردىم.

پادىشاھ ئادىلخان بېشىدىن ئالتۇن تاجنى ئېلىپ، يەتتە خەزىنىنىڭ ئاچقۇچلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. پادىشاھ ئادىلخان ئىككى پەرزەنتى بىلەن مەلىكىسىنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقتى - دە، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىمارەتكە كۆچۈپ كەلدى.

رۇپ غىزاغا مەشغۇل بولىدىغان مەزگىلىگە توغرا كەلدى. پادى
شاھ غىزالىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى، تۇساتتىن «ھەق دوست!»
دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. پادىشاھ قەدىمىنى توختىتىپ قارىسا،
يېنىدا جۇلدۇر كىيگەن، ھالى خاراب يەتتە قەلەندەر تۇرۇپتۇ.
پادىشاھ ئالتۇن تاۋاقلارغا سېلىنغان ئاشلارنى تاۋاقلار بىلەن
قەلەندەرلەرگە تەقدىم قىلدى. قەلەندەرلەر پادىشاھقا دېدىكى،

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ سەدىقە نىيازلارنى بىزگە
بەردىڭىز. بىز ناھايىتى خۇشال بولدۇق. ئەمدى بىز سىزدىن
يەنە بىر نەرسە تىلەيمىز، ئەگەرى - تائاللانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى
ئۈچۈن تىلىگەن نەرسىمىزنى بەرگەيسىز. بىزنى نائۈمىد
ياندۇرمىغايسىز.

ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەجەبلەندى
ھەمدە بۇ قەلەندەرلەر مەندىن جان تەلەپ قىلمىغىيدى، دەپ
ئەندىشىگە چۈشتى. بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن قەلەندەرلەرگە
قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي ئىشانلار، ئاڭلا ئەرزۇ ئەھۋالىم،
جەبىر قىلىپ دىلىم قارا ئەيلىمە.
ئەگەرى ھەققى پىدا بولسۇن بۇ جانىم،
جاھان ئىچرە مېنى رەسۋا ئەيلىمە.

مالۇ - مۈلكىم جاھاندا تولا شۇ قەدەر،
غەمكىن قىلما ھالىمنى، بېرەي ئالتۇن - زەر،
سەنسەن مېنىڭ دوستۇم يەتتە قەلەندەر،
دوزەخ ئىچرە مېنى رەسۋا ئەيلىمە.

نېمە دېسەڭ بېرەي ساڭا ئىشانىم،
ھەق يولىغا پىدا بولسۇن بۇ جانىم.

ۋەدەڭگە سەن ۋاپا قىلغىن،
نامەردلەرگە جاپا قىلغىن.
مۆمىنلەرنى رىزا قىلغىن،
رازى بولغاي سەندىن ئاللا.

ئادىلخان دەر: ھالىم ئېيتاي،
قىرىق كۈن بولدى تامام ئېيتاي،
شاھىم ساڭا ئەرزىم ئېيتاي،
ئەمدى تاجنى راۋا قىلما.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان قەلەندەر شاھقا قاراپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، خۇدانىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرگەنلىك سەۋەبىدىن، سىنىڭ تىلەك ـ ئىلتىجالىرىڭنى راۋا كۆرۈپ، قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقىمنى ساڭا تەقدىم قىلغانىدىم. مانا قىرىق كۈنمۇ توشتى. قىرىق كۈندىن بېرى سەن خالىغىنىڭچە دەۋران سۈردۈڭ. مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ سىنىڭ پەرمانلىرىڭنى ئىجرا قىلدىم. ئەمدى سەنمۇ ئۆز ۋەدەڭدە تۇرۇشۇڭ كېرەك. شاھلىق تاجىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرىش ئۆز جايىدا بولغىنى تۈزۈك، — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان يەتتە قەلەندەر پادىشاھ ئادىلخاننىڭ سۆزلىرىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمىغان ھالدا شەھەرنىڭ ۋەزىر ئەمىرلىرى، قارى ـ مۇپتىلىرىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:
— ئەي شەھەر چوڭلىرى، پادىشاھ ئادىلخان شاھلىقنى قايتا تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. سىلەر ئېيتىڭلارچۇ؟ تاجۇ ـ تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.
پادىشاھ ئادىلخان بۇ سۆزدىن ھەيران ۋە لال بولۇپ

ئەلقىسسە، شۇنداق قىلىپ شەھىرى يەمەنگە يەتتە قەلەندەر پادىشاھ بولدى. قەلەندەرلەرنىڭ بىرى شاھ، ئالتىسى ۋەزىر بولدى. قەلەندەرلەر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تەختتە سوزۇلۇپ ئولتۇرۇشۇپ، بەڭ چېكىشنى باشلىۋەتتى. قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. خەزىنىلەرنى بۇزۇپ چېچىپ، شەھەر خەلقىگە كۈندە مىڭلاپ قويلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاش بېرىپ، خالايىقلارنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. ۋەزىر-ۋۇزرالارغا تاۋاق-تاۋاقلاپ ئالتۇنلارنى تارقىتىپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. قىرىق كۈن توشقىچە توختىماي ئىنئام-سەدىقىلەرنى بېرىپ شەھەر خەلقىنى گاڭگىرىدتىپ قويدى. ئاخىرى قىرىق كۈنمۇ توشتى. پادىشاھ ئادىلخان بىر كۈن چاھارباغدا نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىر-ۋۇزرالارنى چاقىرتتى. شەھەرنىڭ ئۇلۇغ ئۇششاقلىرىنىمۇ يىغىپ مېھمان قىلىپ مەجلىس ئاچتى. پادىشاھ ئادىلخان ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى قەلەندەر شاھتىن تەلەپ قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى.

ئادالەتلىك سۇلتان سەن،
ھاجىتىمنى سەن ئاڭلا.
جېنىڭغا جېنىم قۇربان،
كۆز يېشىمنى ئاققۇزما.

سۇلايماندەك سۇلتان بولدۇڭ،
جاھان ئىچرە دەۋران سۈردۈڭ.
نۇشىرۋاندەك ئادىل بولدۇڭ،
بۇ ئەرزىمنى قىلغىن راۋا.

دۈشمەن دېگەن گەپ بار. تەقدىر شۇنداق ئۇخشايدۇ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

تەقدىر شۇنداق تەتۈر كەلدى،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.
بۇلبۇل سۆيگەن گۈل تۆكۈلدى،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

رەھىمدىللىق قىلدۇق باشتا،
ئەزىز باشلار تەگدى تاشقا.
قارا كۆزلەر تولدى ياشقا،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

بېرىپ قويۇپ سۇلتانلىقنى،
قىلىپتىمىز نادانلىقنى.
سالدى ئەمدى ۋەيرانلىقنى،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

نا ئەھلىلەر قىلدى چاپا،
گۈلدەك يۈزگە قوندى توپا.
قىلىشمايلى تەنە ـ تاپا،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

قىسمەت سالدى بىزگە شورلۇق،
قەلەندەرلەر قىلدى كورلۇق.
بېشىمىزغا چۈشتى خورلۇق،
ھېچ پايدا يوق پۇشايماندىن.

تۇرغاندا، شەھەرنىڭ جىمىكى كاتتىلىرى قەلەندەر شاھنىڭ ئالدىدا يۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ پېشانىلىرىنى سەجدىگە ئۇرۇشۇپ

— ئەي مەرھەمەتلىك پادىشاھى ئالەم، مۆھتەرەم پۇشتى پاناھ، پادىشاھ ئادىلخان بۇرۇن يەمەن شەھىرىنىڭ شاھى ئىدى. بۇ ئادەم خۇدا بەرگەن دۆلەتنى كۆتۈرەلمەي، ئۆز دە-نىڭ ھەددىنى بىلمەي پادىشاھلىق تەختىنى ئۆز قولى بىلەن جانابلىرىغا سوۋغا قىلدى. ھەزرەتلىرى شاھ بولغاندىن بېرى شەھەر خەلقىگە پۈتمەس - تۈگىمەس ياخشىلىقلارنى قىلدىلا. بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئۆزلىرى، ئۆزلىرىدەك دانا كىشى تۇرغان يەردە، بىز يەنە كىمنى پادىشاھ قىلاتتۇق؟ ئادىلخان پادىشاھلىقنى ئۆزلىرىگە سەدىقە قىلىغانىدى. خۇدانىڭ يولىدا قىلىغان سەدىقە يانمايدۇ. ئۆزلىرى پادى-شاھىمىز، ئۆزلىرى پاناھىمىز، ئۆزلىرى رەھنەمايىمىز، ئۆزلىرى قىبلىگاھىمىز! بىز ئادىلخاننى تونۇمايمىز، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئادىلخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران ۋە سەر-گەردان بولدى. كۆيگەن قىلدەك تولغاندى. يۈرىكى تاتىلان-دى. پادىشاھ غەمناك ۋە باغرى چاك ھالدا بۇ سورۇندىن يېنىپ مەلىكىسىنىڭ قېشىغا باردى - دە، بولغان ۋەقەنى-ئۇنىڭغا بايان قىلدى. مەلىكە پادىشاھنىڭ پەرىشان كۆڭلى-نى ياسىدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، قە-لەندەرلەرنىڭ ئادىتى شۇنداق. ئۇلار ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەل-گەندە، بىر نان بەرسىلە كۇپايە ئىدى. ئەقىللىك ئادەم ئۇ-لارغا ئارتۇقچە رەھىم - شەپقەت قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىشلار-نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلىرىدىن بولدى. ئەم-دى بولار ئىش بولۇپ بولدى. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە

پۇتمەس دەردتە قالدى جانىم،
نۇرلۇق كۆزلەر نەم بولۇرمۇ؟

سولۇپ باغدا كۈلگەن گۈللەر،
قوغلىنىپ ھەم شوخ بۇلبۇللار.
ساڭا ھەمراھ مەرد ئوغۇللار،
پاك قانلىرى شەبنەم بولۇرمۇ؟

ھۆكۈم سۈردى شۇ قەلەندەر،
يۈرىكىمگە پاتتى خەنجەر.
ئېلىپ كەلدىم يامان خەۋەر،
بۇنىڭدىن چوڭ ئەلەم بولۇرمۇ؟

سىزنى ئاسماق بولدى دارغا،
دار راسلاندى چوڭ بازارغا.
يەمەن تولدى ئاھۇ - زارغا،
دەۋزەختىن بۇ كەم بولۇرمۇ؟

قەلەندەرگە قىلساڭ رەھىم،
بولار سالدى دەردى - ئەزىم.
ھاياتىمدىن تولا غېمىم،
بۇندىن ئارتۇق ستەم بولۇرمۇ؟

پادىشاھ ئادىلخان خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئاندىن مەلىكە گۈلچېھرە بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سەپەرگە تەييارلىق قىلدى. ئۇلار كېچىچە ئۇخلىماي جابدۇقلىرىنى ئات - ئۇلاغلارغا يۈكلەپ تاڭ يورۇماستا شەھەردىن چىقتى. پادىشاھ شەھەردىن چىقىپ

ئەلقىسسە، قەلەندەر شاھ ئادىلخاندىن ھوقۇقنى ئۆزۈل - كېسىل تارتىۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئادىلخاندىن ئازار يېگەن، ئادىلخانغا ھەسەت بىلەن قاراپ كەلگەن ئادەملەرنى چۆرىسىگە يىغدى. قەلەندەر، پادىشاھ ئادىلخاننىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇلار بىلەن مەسلىھەت تۈزدى. ۋاپاسىز ۋەزىرلەر، يېڭى شاھنىڭ خۇشامەتچىلىرى مۇنداق دېيىشتى:

ئادىلخان پادىشاھ بولغان چاغلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇلار ئادىلخان ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ. بالا - قازادىن بىراقلا قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئادىلخاننى ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسى بىلەن ئىككى ئوغلىنى دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماق لازىم. بولمىسا، قىلغان ئىشلىرىمىز ئۇزاققا بارماي ۋەيران بولىدۇ.

بۇ گەپلەرگە قەلەندەر شاھ قوشۇلدى. ئۇ ئەتراپتىكى خۇشامەتچىلىرىگە:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. ئۇنىڭ بېشىنى ئالماي بىزنىڭ بېشىمىز خەتەردىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا دەرھال تۆت دار تەييارلانسۇن، ئەتە ئۇنى بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ جەھەننەمگە يوللايمىز، — دەپ ئەمىر قىلدى.

پادىشاھ ئادىلخاننىڭ ئوردىدا بىر يېقىن مەھرىمى بار ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى شۇ كۈنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ ئادىلخان بۇ خەۋەردىن قاتتىق پەرىشان بولدى. ئادىلخاننىڭ مەھرىمى ئۇنى كېچىلەپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاڭلا سۆزۈم پادىشاھىم،
دۇنيادا سەندەك يىغەم بولۇرمۇ؟

بىللە ئۆيناپ چوڭ بولغانلار،
قەدىردانلار، مېھرىبانلار.
ئەترە گۈلدەك يار جانانلار،
مەرد ئوغلانلار ياخشى قال.

شەھرىن سۆزلۈك بۇلبۇللىرىم،
ھىدى خۇش بۇي سۇمبۇللىرىم.
مىنسەم شۇڭقار دۇلدۇللىرىم،
ئاشىيانلار ياخشى قال.

قومۇش كەبى كۆيدى دىلىم،
باغرىم بولدى تىلىم - تىلىم.
تاغدىن ئاشتى، ئاھ، مۈشكىلىم،
پاك ۋىجدانلار ياخشى قال.

يولغا چىقتىم يۇرتنى تاشلاپ،
دوستلىرىمنىڭ كۆزىن ياشلاپ.
قىسمەت بارار نەگە باشلاپ؟
جانىجانلار ياخشى قال.

مەنزىلىم نە؟ قارارىم يوق،
كۆلپەتلەرگە نېمە دەيلۇق؟
كەلدى نەدىن بۇ تارتقۇلۇق؟
شادىمانلار ياخشى قال.

ئامان بولغىن گۈزەل شەھرىم،
ئالتۇن ئوردام، گۆھەر تەختىم.

بولۇپ، كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، كۆڭلى بۇزۇلدى. ئادىلخان شەھەرگە قاراپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جاپا قىلدى ماڭا پەلەك،
خانىدانىم ياخشى قال.
تىلىم ـ تىلىم بولدى يۈرەك،
ھۆر ماكانىم ياخشى قال.

ئەلەم كەلدى شاھ بېشىمغا،
قوينۇم تولدى قان ـ يېشىمغا.
زەھەر چۈشتى ھەم ئېشىمغا،
جانىجانلار ياخشى قال.

شۇنداق ئىكەن قىسمەت دېگەن،
كىممۇ مۇنداق بولار دېگەن.
قوزغۇنلارغا قالدى چىمەن،
قەدىردانلار ياخشى قال.

قەلەندەرگە قالدى تاجىم،
راۋا قىلار كىم موھتاجىم.
دەريا بولدى پۇشايمانىم،
پاك ۋىجدانلار ياخشى قال.

كۆچەت قويغان جەننەت بېغىم،
كېيىك ـ جەرەن تولا تېغىم.
يايلاق ـ يايلاق مال ـ ئۇلىغىم،
گۈلىستانلار ياخشى قال.

سىخىلىقتا سىز يېگانە،
سىز ئالەمدە بىر دۇردانە.
ئالداپ كەتتى پەس دىۋانە،
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ شاھىم.

ئۆنكۈنچەدۇر پانىي دۇنيا،
دۇنيا قىلغان كىمگە ۋاپا.
گۆردە تەڭدۇر شاھ ۋە گادا،
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ شاھىم.

قىسمەت شۇنداق ئىكەن ئاخىر،
نېمە چارە كۆرمەي بىر-بىر.
باشتا يەنە نېمە تەقدىر؟
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ شاھىم.

ئالتۇن ئوردا قالدى ئەنە،
گۆھەر تولغان شۇ خەزىنە.
قالدى شەۋكەت، قالدى ھەممە،
كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ شاھىم.

ئادىل پادىشاھ مەلىكىنىڭ نەزمىسىدىن سەل-پەل تەسەللى تاپتى. ئۇلار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇزاق زامانلار دەۋرى-دەۋران سۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن گۈللەندۈرگەن شەھىرىدىن كۆزلىرى قىيماي ئايرىلدى. پادىشاھ ئادىلخان ئايالى بىلەن ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قارارسىز ھالدا خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ يول ئالدى. قانچىلىك يوللارنى باسقانلىقى ئۆزلىرىگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدى. ئىشقىلىپ

قارا بولدى ئەزىز بەختىم،
ئاھ، تۇغقانلار ياخشى قال.

ئەلگە ئىللىق ئىدى پەيلىم،
ئەلنىڭ مەيلى ئىدى مەيلىم.
ئەلنىڭ غېمى ئىدى غېمىم،
ساپ ئىمانلار ياخشى قال.

بۇندىن يىغلاپ كېتەر بولدۇم،
چۆلنى ماكان ئېتەر بولدۇم.
ئۆز جېنىمغا خەنجەر بولدۇم،
گۈلىستانلار ياخشى قال.

نامىم يۇرتتىن ئۇنتۇلمىسۇن،
ھېچكىم مەندەك پۇچۇلمىسۇن.
ئەلنىڭ باغرى قوچۇلمىسۇن،
مېھرىبانلار ياخشى قال.

ئەلقىسسە، ئادىلخان ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ نەزمىنى ئاران - ئاران توختاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مەلىكە پادىشاھنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىمۇ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ شاھىم،
بىزگە گۇۋاھ بىر خۇدايىم.
يۈرىكىمدە پاتماس ئاھىم،
خىزىر بولغاي رەھنەمايىم.

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
بۆگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.
ئەۋۋەل - ئاخىر سەنسەن مېنىڭ پاناھىم،
بۆگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

قانداق قىلاي، بولدۇم ئەجەب بىچارە،
خارۇ - زارلىق ئىلكىدە مەن ئاۋارە.
رەھىم ئەيلەپ باغرىم قىلما يۈز پارە،
بۆگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

پەلەك بۇزدى بۆگۈن مېنىڭ شادىمنى،
ئادا بولماس دەپتەر قىلسام دەردىمنى.
بايان قىلدىم ساڭا ئەرزۇ ھالىمنى،
بۆگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

قەلەندەرلەر ئايرىدى خانىمانىمدىن،
ھەسرەت بىلەن خوشلاشتىم خاندانىمدىن.
پەلەككە ئوت تۇتاشسۇن ئاھۇ دادىمدىن،
بۆگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئۆزۈڭ قىلدىڭ دەسلەپتە يەمەنگە سۇلتان،
ئاددىلىقىم بولغانتى ئالەمگە ئايان.
مەن بولغانتىم دەردمەنلەر دەردىگە دەرمان،
بۆگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

دەسلەپ ئەيلەپ سەن مېنى ئۇلۇغ پادىشاھ،
ئاجىزلارغا قىلغانتىڭ سېخىي باش پاناھ.

بىرقانچە قېتىم تاڭ ئاتتى. ئۇلار بىر كەچقۇرۇنلۇقى بىر تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قالدى. پادىشاھ بىلەن مەلىكە مەسلىھەتلىشىپ مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ ئۆتمەكچى بولدى. پادىشاھ ئاتلارنى بىر جايغا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئۆزى تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. مەلىكە ئىككى پەرزەنتى بىلەن بىر يەرگە جاي سېلىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. پادىشاھ تائەت - ئىبادەتتىن يېنىپ ياتتى، ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىن مىڭ بىر خىيال، تۈمەن مىڭ ئەندىشە، چەكسىز ھەسرەت - نادامەت ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئالەم تۈن نىسپى بولغان بولسىمۇ، ئادىلخان پادىشاھ يەنىلا ئويغاق ياتاتتى. پادىشاھ شۇنداق ياتسا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. پادىشاھ ئادىلخان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، كۆزلىرىگە تاغنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئون ئاتلىق قاراقچى كۆرۈندى. ئادىلخان پادىشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالى ۋە باللىرىنى ئويغاتتى - دە، ئۇلارنى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە يوشۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەمدى دالدىغا ئېلىپ بولۇشىغا قاراقچىلار يېتىپ كەلدى. قاراقچىلار تۆت ئات بىلەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قولغا چۈشۈردى. ھەممە ئۇلارنىڭ بارلىق ئوزۇق - تالقانلىرىنى ئاتلارغا ئارتىپ ھەيدەپ ماڭدى. قاراقچىلار بىرقانچە ئون قەدەم يىراقلىشىپ بولۇپ ئۆزئارا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەك خاتىرجەملىك بولمايدۇ، دېيىشىپ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن بىچارە ئادىلخان پادىشاھ قورقۇنچ ئىچىدە تىترەشكە چۈشتى ۋە تەگرىدىن مەدەت تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئەلقىسسە: پادىشاھ ئادىلخان باغرىنى مىڭ پارە قىلىپ، كۆزلىرىدىن تاڭ شەبنىمىدەك پاك ياشلىرىنى تۆكۈپ، خۇداغا نالە قىلدى.

قاراقچىلار ئەتراپنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى تاپالماي، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. ئادىلخان خۇداغا كۆپ شۈكرى قىلدى ۋە مەلىكە بىلەن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى. ئۇلار چۆل - باياۋاندا يىگىرمە كۈن ياياق يول يۈردى. ئۇلار يەنە بىر تاغنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. پادىشاھ ئەتراپتىن ئوتۇن تېرىپ كېلىپ بىر يەرنى كولاپ ئوت قالىدى. پادىشاھ پەرزەنتلىرى بىلەن مەلىكىنى ئوتنىڭ قېشىدا قويۇپ ئۆزى ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە: شام شەھىرىدىن بەش يۈز سودىگەر مال ئېلىپ يولغا چىققانىدى. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پادىشاھ ئادىلخان چۈشكەن تاغنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارمۇ ئادىلخانغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئوتاغ تۇتۇپ قونماقچى بولۇپ توختاشتى. ئۇلارنىڭ بىر سەردارى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى تۇججار بەھمەن ئىدى. ئۇ ئەتراپتا قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەن قىرغىزلار بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ تۆت - بەش غۇلامنى ئەگەشتۈرۈپ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقتى. بەھمەن ۋە ئۇنىڭ غۇلاملىرى قىلىچ - قالقانلار بىلەن قوراللانغانىدى. ئۇلار ئۇياق - بۇياققا قاراپ پادىشاھ ئادىلخان ياققان گۈلخاننى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى، چۈنكى ئۇ گۈلخان ياققانلار تاغدا قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەنلەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى ھەمدە غۇلاملىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئوت كۆيۈۋاتقان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ بېرىپ كۆردىكى، ئوتنىڭ يېنىدا پادىشاھ سۈپەت بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىدا

ئاقىۋەتتە بولدۇم مەن بىچارە گۇمراھ،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

مەن ئاغرىتقان ئەمەسمەن زادى ھېچ جاننى،
تەك كۆرەتتىم ئالدىمدا بارچە ئىنساننى.
ئازاب چەكتىم ئايرىماي ياخشى، ياماننى،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ھەردەم چىقار تېنىمدىن مېنىڭ بۇ جانىم،
كۆڭلۈم ئىچرە غەمدىن تولا ئەپغانىم.
رەھىم قىلغىن قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ رەھمانىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئادىلخان دەر: خەتەردە قالدى ھاياتىم،
يېتەر بۇگۈن ھەققە مېنىڭ پەريادىم.
غەمدىن خالاس قىلىپ، بەرگىن نىجاتىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

ئالتۇن، ئۈزۈك، ئاتلارنى ئالدى قاراقچى،
ئۇلار ئەمدى جېنىمىزنى ئالماقچى.
تاغ باغرىدا تەنلەرگە خەنجەر سالماقچى،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

سەندىن باشقا يۆلەنچىم يوق خۇدايىم،
كەچۈرگەيسەن بولسىمۇ تاغدەك گۇناھىم.
گۇناھسىزدۇر ئالدىڭدا پەرزەنتىم - باغرىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن پاناھ بەر.

تاپتىم. مەن ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدىم. غەمناك يۈرىكىمنىڭ ئىلتىماسى شۇكى، بۇ مەلىكە سۆيەت خانىم مېنىڭ شۇ ھالسىز مەستۇرەمنىڭ قېشىدا بىرەر سائەت تۇرۇپ بەرسە، سىلەرنىڭ قانداق تەلىپىڭلار بولسا بەجا كەلتۇرسەم، — دېدى.

پادىشاھ ئادىلخان:

— بۇغۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، ئەمما مەلىكەم نامەھرەم بولارمىكىن؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇججار بەھمەن:

— ئەي ئاتا، باشقا خىياللارنى يادىڭلارغا كەلتۈرمىسىلە. ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ مەلىكە مېنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىمنىڭ ئورنىدا. بۇ پەرزەنتلىرىڭدىن بىرىنى قوشۇپ بەرسىلە، — دېدى.

پادىشاھ ئادىلخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ قالدى. شاھنىڭ كۆڭلىدىن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماق ساۋابتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ يېڭىگۈدەك ھېچ نەرسىمىز قالمىدى، ئۇلار بىرەر دىيارغا بارغۇچە يەپ تۈرغۇدەك نەرسە بەرسە ئەجەب ئەمەس، دېگەن خىيال كەچتى-دە، چوڭ ئوغلى پەررۇخنى مەلىكىگە قوشۇپ بەردى. بۇ سودىگەر پادىشاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مەلىكە بىلەن شاھزادە پەررۇخنى ئارقىسىغا سېلىپ تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. بۇمەككار تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا مەلىكىنى ئاتقا مىنـدۈردى-دە، ئۆزىمۇ ئاتقا مىنگەشتى. ئاندىن پەررۇخنى قوغلاپ يۈرۈپ قامچا بىلەن بىرنەچچىنى ئۇردى. ئاندىن ئاتنى قامچىلاپ مەلىكىنى ئېلىپ قاچتى. شاھزادە پەررۇخ يىغلا-يىغلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يومىلانغان پېتى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ كۆزلىرىدىن قان-ياشلىرىنى ئاققۇزدى. بۇ پاجىئە

قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئىككى پەرزەنت بىلەن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرانە، ئاپتاپ تەلئەت بىر گۈزەل مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. تۇججار بەھمەن ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. كۆڭلىنى ھىيلە - مىكىر بۇلۇتلىرى قاپلاپ، خىيال دالىسىنى شەھۋەت يامغۇرى سوقتى. شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇردى. ئۇ غۇلاملىرىنى يىراقراق جايغا كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ قېشىغا كەلدى. پادىشاھ ئادىلخانغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى. پادىشاھ ئادىلخان ئالدىدا پۈكلىنىپ سالام بەرگەن ئۇ ئادەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ سالام بەردى. سودىگەرلەرنىڭ ئۇ سەردارى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمدى كۆڭلۈم تىندى، مۇراد - مەقسەتلىرىمنىڭ گۈلىستانى شۇۋىرغانغا ئۇچرىمايدىغان بولدى. سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. ئەي ئاتا، سىزگە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، بىز بەش يۈز نەپەر سودىگەر، مەن ئۇلارنىڭ سەردارىمەن. بىز بۇ تاغنىڭ باغرىغا كېلىپ قالغىلى بەش-ئالتە كۈن بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى غەم - ئەندىشە تاغلىرى گەجگەمدىن باستى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، مېنىڭ بىر مەستۇرەم بار ئىدى. ئۇ دىلرەبايىم ھامىلدار ئىدى. بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، ئۇنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ ئازاب ئىچىدە قالدى. بالا يا تۇغۇلمىدى ياكى بىرەر چارە تاپالمىدۇق، ئۇ ئاجىزە مەزلۇمنىڭ نالە - پەريادىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ئەڭ يامىنى ئارىمىزدا بىرەر ئايال كىشى بولمىغاچقا ئەرلەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يار-دەمدە بولالمىدۇق. مەن ئاشۇ زەئىپە مەزلۇمنىڭ ئەلەملىك ئىڭراشلىرىغا تاقەت قىلالماي، بىرەر مەزلۇم كىشى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. خۇداغا شۈكرىكىم، ھەر بىرىڭىزلارنى

غېرىبلىقا ئۆتەر كۈنۈم،
ئاشنالار ئاندا قالدى.

كۈنلەر چۈشتى بۇ بېشىمغا،
زەھەر چۈشتى ھەم ئېشىمغا.
تۇپراق تولدى كۆز يېشىمغا،
نەۋ جۇۋانلار ئاندا قالدى.

پەلەك قىلدى بىزنى نالان،
غەم قايغۇدا بولدۇم ۋەيران.
ھالىم سورىغۇچى ئەزىز ياران،
يارانلىرىم ئاندا قالدى.

كۆز ئالدىمدا كەڭ باياۋان،
مەن بوراندا ئۇچقان سامان.
بارار جايىم ئەمدى قايان،
دوستانلىرىم ئاندا قالدى.

يوللار باستىم يايىق چۆلدە،
يېشىم قالدى نەچچە كۆلدە.
تاغ غارلىرى بولدى كۆلبە،
دايىۋانلىرىم ئاندا قالدى.

پەرياد سالدىم يىغلاپ شۇنداق،
مەن يىلتىزسىز چىغان — قامغاق.
كۆزلىرىمگە پاتتى تۇپراق،
خەندانلىرىم ئاندا قالدى.

دەرد ئۇستىگە جاراھەت بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېچىشتۇردى. ئەمما چارىسىز ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە مەلىكەمنى خۇدانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردۇم دەپ ئويلىدى. ئاندىن بالىلىرىنى قۇچاق-لاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي جان-جىگەر باللىرىم، بىر جۈپ كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرى، بۇ دەرد-مۇشەققەتلەر بىزلەرگە كەلدى، بۇنى تارتماسقا، سەۋرى قىلماسلىققا چارىمىز يوقتۇر. يۈرۈڭلار، بۇ يەردىن كېتەيلى. ئېھتىمال بۇ يەردە يەنە باشقا قاراقچى-لار بولسا كېرەك. ئۇزاق تۇرۇپ قالساق يەنە بىر قاراقچىلار كېلىپ بىزگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىسۇن.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان ئىككى پەرزەنتىنى يېتىلەپ، سۆيۈملۈك مەلىكىسىنىڭ دەردىدە باھار پەسلىدە ياغىدىغان تۆكمە يامغۇردەك يىغلاپ، يولغا راۋان بولدى ۋە پەلەكنىڭ دەھشىتىدىن شىكايەت قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

پەلەك سالدى يامان كۈنلەر،
تاجۇ تەختىم ئاندا قالدى.
ئاخىر زامان بولدى بىزگە،
تاجۇ تەختىم ئاندا قالدى.

ئەجەب بولدى زامانلار،
ھالىم بىلمەس نادانلار.
ھەمدەم بولغان يارانلار،
زار يىغلاپ ئاندا قالدى.

سامان بولدى رەڭگىرويۇم،
دۇتار بولدى قەددى-بويۇم.

ئۆزىنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يوچۇن ئادەم شاھ پەررۇخنى ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ دەريادىن كېچىپ نېرىقى قىرغاققا ئۆتتى. ئۇ قىرغاققا چىقا-چىقمايلا پادىشاھقا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئەي ئەخمەق، مەن ئەسلى قاراقچىمەن. بالاڭنى قىيامەتكەباقىي قالدۇرغىن، — دېدى-دە، شاھزادە پەررۇخنى ئېلىپ قاچتى. بۇ ھالنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ زار-زار يىغلىدى. ئاندىن قېشىدىكى ئايالىغا:

— ئەي جەمشىدىم بالام، ئەي كۆز قارىچۇقۇم جانجان بوتام، بىز خانىۋەيران بولدۇق. تاجۇ تەختتىن، خانىدانىدىن، ئانا ماكانىدىن ئايرىلدۇق. سەپەرگە چىقىپ سەرگەردانلىق يولىدا ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمىزدىن قۇرۇق قالدۇق. ۋادەرىخ، ۋادەرىخ، ئاندىن مېھرىبان ئاناڭلاردىن ئايرىلدۇق، ئەمدى ئاكاڭ شاھزادە پەررۇختىن ئايرىلدۇق. ئاناڭ گۈلچېھرەخان بىلەن ئاكاڭ پەررۇخنى قىسمەت بىزدىن جۇدا قىلدى. بىزگە خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇ ئوخشايدۇ. بۇ دەريادىن ئۆتۈپ كەتمەسلىككە چارىمىز يوق. كەل، قولۇڭنى ماڭا بەرگىن بالام، خۇداغا تەۋەككۈل قىلىپ بىر ئاماللاپ ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدى. ئۇلار ئاتا-بالا قول تۇتۇشۇپ دەرياغا كىردى. ئاستا-ئاستا چامداپ بارغانچە تىرەنلەشتى. بارا-بارا دەريا چوڭقۇرلىشىپ قالدى. شۇ چاغ سۇ تاسادىپىي ئۇلغىيىپ شىددەت بىلەن ئېقىشقا باشلىدى-دە، پادىشاھ ئادىلخان يىقىلدى. ئوغلى شاھزادە جەمشىد پادىشاھنىڭ قولىدىن ئاجراپ ئېقىپ كەتتى. پادىشاھ ئادىلخان بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ مىڭ مۇشەققەتتە قىرغاققا چىقتى.

ئادىلخان دەر: مېنىڭ دەردىم،
ئەجەب قارا بولدى بەختىم.
كېپەن بولدى كىيگەن رەختىم،
زەر تونلىرىم ئاندا قالدى.

خۇرشىد يۈزلۈك پاك مەلىكەم،
يۈرەك پارەم ئەزىز ھەمدەم.
ئاھۇ كەبى كۆزلىرى نەم،
جانىجانىم ئاندا قالدى.

نېمە ئەلەم بۇ چۆل دەشتتە،
بەخت مەندىن ئۈزدى رىشتە.
يوقتۇر دەرمان مەن دەرۋىشتە،
دەرمانلىرىم ئاندا قالدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان ئەنە شۇنداق يىغلاپ ــ قاقشاپ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈردى. قىرىشقاندەك ئۇلارنىڭ يولىنى بىر ئەزىم دەريا توستى. بۇ دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ھېچبىر ئىلاجى يوق ئىدى. پادىشاھنىڭ بېشى قاتتى. شۇ چاغدا بۇ يەرگە بىر ئاتلىق قىرغىز پەيدا بولدى. ئۇ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. قىرغىز مۇنداق دېدى.

— سىز ھېچبىر ئەندىشە قىلماڭ، مەن بىر سۇچى. بۇ دەريانىڭ ئوي ــ چوڭقۇرىنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرنى بۇ دەريادىن ئۆزۈم ئۆتكۈزۈپ قوياي.

پادىشاھ ئادىلخان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ قالدى،

خۇشاللىقتىن پاتمىدى ئۇلار قىنىغا،
ئىككىبىزگە سەن ياخشى ماكان ئەيلىدىڭ.

ئاجايىپ سايرىشىپ تۇرار بۇلبۇللار،
ئېچىلىپ چىمەندە تۈمەنمىڭ گۈللەر.
يوللىرىغا گۈل چەكتى پەرىشتە قۇللار،
خىزمىتىدە ئۇلارنىڭ غۇلمان ئەيلىدىڭ.

بارچە مەلىكىلەرنى ئەيلىدىڭ ئاندا،
ئادەم ئۈچۈن سەجدىنى قىلمىدى ئادا.
ئاداۋەتتىن ئازازۇل قىلدىلەر جازا،
تاقاق سېلىپ بويىنىغا شەيتان ئەيلىدىڭ.

يىراق ئەردى ئۇلار بارچە - ھەر ئىشتىن،
يەپ تاشلىدى يېمەيدىغان يېمىشتىن.
شۇنىڭ ئۈچۈن چىقار بولدى بېھىشتىن،
مەنزىلىگە ياخشى جاھان ئەيلىدىڭ.

ئۇلار ئۈچۈن يارىتىپ پانىي جاھاننى،
سەن چىقىرىپ دۇنياغا ئادەم ھاۋانى.
يەر يۈزىگە چۈشۈردۈڭ جۈپ ئاشىنانى،
يۈزلىرىنى نۇرى ئىمان ئەيلىدىڭ.

روشەن قىلدىڭ دۇنيانى ئاي كۈن يارىتىپ،
نەزەر قىلار ئاي بىلەن كۈن ئادەمگە بېقىپ.
قۇللىرىڭغا تۈرلۈك - تۈرلۈك نېمەت يارىتىپ،
نېمىتىڭنى بەندەڭگە ئەلۋان ئەيلىدىڭ.

قارىسا ئوغلى شاھزادە جەمشىد يوق. ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ يىغلاپ خۇداۋەندىئالاغا خىتاب قىلدى:

— ئەي تەڭرىم. بۇ نېمە كۈنلەر ئەمدى؟ خانىدانىمدىن جۇدا بولدۇم، روزىغارىمدىن جۇدا بولدۇم، يۇرت دىيارىمدىن جۇدا بولدۇم، نىگارىمدىن جۇدا بولدۇم، بىر جۈپ كۆز قارىقىمدىن جۇدا بولدۇم. ئەي خۇدا مۇشكۈللەرنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن. ھالىمنى ئېيتماق ھاجەت ئەمەس. ئۆزۈمنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، — پادىشاھ ئادىلخان ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ كۆپتىن - كۆپ يىغلىدى. ئاندىن بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
قۇدرىتىڭدىن مۇشۇنداق زامان ئەيلىدىڭ.
سەن بارچىنىڭ پاناھى ئۇلۇغ ئىلاھىم،
قۇدرىتىڭنى بارچىگە ئايان ئەيلىدىڭ.

ئاۋۋال رەھمان رەھىمدۇر سېنىڭ شول ئاتىڭ،
ھېچكىم يەتمەس جايىدىدۇر سېنىڭ نۇر زاتىڭ.
ئەي قۇدرەتلىك خۇدايىم ھەم زاتى پاكىڭ،
رەھمىتىڭدىن بىزلەرگە ئىمان ئەيلىدىڭ.

قۇدرىتىڭنى بارچىگە ئەيلىدىڭ ھازىر،
ئاۋۋال - ئاخىر ئۆزۈڭسەن ھەممىگە قادىر.
بارچە دۇنيا، ھاياتنى ياراتتىڭ ئاخىر،
بەخت ئىچرە ئادەمنى ئايان ئەيلىدىڭ.

قۇدرىتىڭدىن يارالدى ئادەم ۋە ھاۋا،
جەننەت ئارا ئىككىسى قىلدى تاماشا.

گەلمەس ھېچكىم، ئاھ، قېشىمغا،
سايلار تولدى كۆز يېشىمغا.
نالە قىلىپ سىردىشىمغا،
يۈرگىنىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

غېرىب بولۇپ كۆكسۈم داغلاپ،
ئاشىقلارنىڭ يولىن بويلاپ.
چۆللەر ئىچرە جېنىم قىيناپ،
يۈرگىنىمنى كۆردۈڭلەرمۇ.

ماڭا بولدى ئاخىر زامان،
پەلەك قىلدى مېنى نالان.
شەھرىم ئىچرە قالدى ئايۋان،
يارانلارنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

گۈلگە تولغان گۈلىستانىم،
بەزمىگاھىم - دىلىستانىم.
تاجۇ - تەختىم، خانىدانىم،
قالغان ئىدى كۆردۈڭلەرمۇ؟

بەدىنىمدە يىرتىق جەندە،
ماجالىم يوق ئاجىز تەندە.
نەدە كۈلكەم، نەدە خەندە،
بۇ ھالىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان،
دەردلىرىمگە مەلھەم بولغان.

بۇيەردە ھاياتلىق ئىزى ئۆچكەن ھەم بۇ يەر تىرىكلەرنىڭ
خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇلاقلار تىنغان. ئەتراپتا
يېشىللىق سىنغانىدى. پادىشاھ ئادىلخان مازارنىڭ مەنـ
زىرىسىگە نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ بۇ مازار خۇددى ماڭا ئوخـ
شاش غېرىب ئىكەن، خۇدانىڭ ئىرادىسىدە مېنىڭ ماكانىم
مۇشۇ غېرىب مازار بولغان ئوخشايدۇ. مەن ئەمدى مۇشۇ
يەردە تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەي، دەپ
ئويلىدى. پادىشاھ ئادىلخان مازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىگە
بىر ئۆي بەرپا قىلدى. تىنىپ كەتكەن بۇلاقلارنىڭ تۈپلىرى
نى تارتىپ سۇ چىقىرىپ قەبرە - گۈمبەزلەرنى سۇغاردى. ئۆ
رۈلگەن شەددە - ئەلەملەرنى تۇرغۇزۇپ، يىقىلغان گۈمبەزلەر
نى ياسىدى. قومۇشنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ ئۇن تۆت
يىلنى تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئىبادىتى
ۋە مېھنىتى شارابىتىدىن مازار يېشىللىققا پۈركەندى. تەرەپ
تەرەپتىن تۇتىلار، بۇلبۇللار، ئىشقىلىپ خىلمۇ خىل قۇشلار
ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ قۇشلار پادىشاھ ئادىلخاننىڭ
ئەتراپىنى ئايلىنىپ ۋىچىرلاپ سايرىشاتتى. بىر كۈنى سەھەر
پەيتىدە پادىشاھ ئادىلخان قۇشلارنىڭ ئاۋازىدىن مەستخۇش
بولدى - دە، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ باغرى ئېزىلـ
دى. ئۇ قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۇستۇمدىكى تۇتى قۇشلار،
تۇرغىنىمنى كۆردۈڭلەرمۇ.
خۇشال بولۇپ ئوتتۇڭلەردىن،
يۈرگىنىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

كۆرسەتكەلار ھەم گۈلچېھرەمنى،
سۆزى شېرىن مەلىكەمنى،
سۆزلىمەتكەلار بۇ ئەلەمنى،
ئاتا مەندىن سالام دەڭلار.

بۇ كۆزۈمنىڭ نۇر قاراسى،
ھاياتىمنىڭ تۇتىياسى.
ئادىلخاننىڭ بىباھاسى،
پەررۇخۇمغا سالام دەڭلار.

ئۇچراپ قالسا ئەزىم دەريا،
ئىزدەڭلاركىم بىر نۇر سىما.
سۇ قوينىدا تاپقان قازا،
جەمشىدىمگە سالام دەڭلار.

پادىشاھ ئادىلخان بىر كۈنى خۇداغا سىغىنىپ: «ئەي ئەگرىم، خانۇمانىمدىن، روزىغارىمدىن، پەرزەنتلىرىمدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگىلى ئون تۆت يىل بولۇپتۇ. ئون تۆت يىلدىن بېرى ئادەم ئەۋلادىنى كۆرمىدىم. جامائەتكە ئارىلاشمىدىم. ئاجايىپ شەرمەندە بولدۇم. ئەمدى ئادەم بار يەرگە باراي، ئون تۆت يىلدىن بېرى ياۋايىدەك ياشاپ بەدەنلىرىمنى تۈك باستى. ئەمدى ئادەملەرگە ئارىلىشىپ ياشىماقنى نېسىپ ئەتكىن» دەپ يىغلىدى. ئاندىن سەپەر كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر كەنتكە يەتتى. ئۇ كەنتنىڭ تېشىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، سۇ ئىچتى. بىردەم ئارامدىغاندىن كېيىن كەنت-

قاراقچىغا ئەسىر بولغان،
گۇلچېھرىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

قاراقچىلار قولىن باغلاپ،
مېنىڭ ئۈچۈن چەندان يىغلاپ.
ئارمان بىلەن يۈرەك داغلاپ،
پەررۇخۇمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

دەريا ئىچرە ئېقىپ ئۆلدى،
ھەق ئىلاھىم جېنىن ئالدى.
ئادىلخان دەر: نىتەي ئەمدى،
چەمشىدىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

ئەلقىسسە، ئادىلخان پادىشاھ قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمەنى ئوقۇپ بولۇپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئاندىن ئۈچۈپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆكتە ئۇچقان ئەركىن قۇشلار،
غەمدىن خالاس كۆڭلى خۇشلار.
سىرداشلىرىم، ئەي تونۇشلار،
كۆرگەنلەرگە سالام دەڭلار.

بارساڭلار گەر يەمەن تامان،
سوراپ قالسا دوست ۋە ياران.
دېسە مېنى قالدى قايان،
سايراپ تۇرۇپ سالام دەڭلار.

قالدىم، توختىماي چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ يۈرۈپ بەدەن-لىرىمنى تۇك باستى. سۆزۈمدىن گۇمانلانما. ئەي جېنىم بۇرا-دەر، جاۋاب بەرگىنە، بۇ قايسى شەھەر؟ بۇنچىۋالا كۆپ خا-لايىق نېمىش قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئويۇن - تاماشا قىلىۋاتامدۇ ياكى مەجلىس تۈزۈۋاتامدۇ؟ — دېدى.

ھېلىقى ئادەم بەدەنلىرىنى تۇك باسقان، يۈزلىرى ئاپ-تاپتا قارايغان، چېچى بېلىگە چۈشكەن پادىشاھ ئادىلخانغا قاراپ: بۇ ئادەمنىڭ كۆزىدىن، ئاغزىدىن ئۆزگە ھېچقانداق يېرى ئىنسانغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما شۇنداق يېقىملىق سۆزلە-ۋاتىدىغۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئادەملىكىگە ئىشىنىپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئەمما ئۇ تېخىچە قورقۇنچىدىن كۆزلىرىنى يۇ-ماتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ:

— بۇ شەھەرنى دىيارى بەكرى شەھىرى دەيدۇ. شەھە-رىمىزنىڭ پادىشاھى ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مەملىكەتتە دۆلەت قۇشى دەيدىغان بىر قۇش بار. پادىشاھ ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇ قۇشنى قويۇپ بېرىدۇ. ئاشۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا بېرىپ قونسا شۇ كىشى پادىشاھ بولىدۇ. ھالا بۈگۈن قۇشنى قويۇ-ۋەتكىلى قىرىق كۈن بولدى، قۇش ھېچكىمنىڭ بېشىغا قون-مىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خالايىقلار كېچە - كۈندۈز قۇشقا يەم تەگلەپ يۈرۈشمەكتە. بۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر رەسىم - قائىدىسى، — دېدى.

پادىشاھ ئادىلخان ئۇ ئادەمنى قويۇپ بەردى. ئۇ پادى-شاھنىڭ قولىدىن ئاجرىغاندىن كېيىن بىر نېمىلەرنى دەپ شۇۋىرلاپ ئۆزىگە سۆيكۆچلەپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچ-تى. پادىشاھ ئادىلخان مەن كۆرمىگەن ئەمدى مۇشۇ كۈن قالغان ئوخشايدۇ. بۇ نېمىدېگەن خورلۇق، دەپ قاتتىق

نىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. پادىشاھ ئادىلخاننى كۆرگەن ئادەملەر:

— تۇۋا، تۇۋا.

— ئالۋاستى، ئالۋاستى.

— قاچ-قاچ دېيىشىپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشتى.

پادىشاھ ئادىلخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە بالالارغا قالغاندىمەن. ھەممە ئادەم مېنى كۆرسىلا قېچىشىۋاتىدۇ. بەلكى ئۇن تۆت يىل ئادەملەردىن ئايرىلىپ ياشاپ، باشقا بىر تۈسكە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ خىيال قىلدى. ئۇ يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە بېرىپ قالدى. پادىشاھ كۆردىكىم، بىر قۇش ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇن مىڭدىن ئارتۇق ئەر-ئايال قۇشقا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. پادىشاھ ئادىلخان بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئادەملەر ئۇنى كۆرۈپ يەنە قېچىشتى. پادىشاھ ئادىلخاننىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ قېشىدىن يىراقلاپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ مۇڭلىنىپ ئولتۇراتتى، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم تاسادىپىي ئۇنى كۆرۈپ قالدى-دە، بەدەر قاچتى. پادىشاھ ئادىلخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي بۇرادەر، مەن ئادەممەن، مەن ئادەممەن، مەندىن قاچمىغىن، — دەپ ئۇنى قوغلىدى.

ھېلىقى ئادەم قورقۇنچىدا پۇت-قولىدىن جان قېچىپ پەرياد ئۇرۇپ يىقىلدى. پادىشاھ ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى-ۋە:

— ئەي بۇرادەر، قورقمىغىن، مەن ئىبزىتقۇ ئەمەس ياكى ئالۋاستىمۇ ئەمەس، مەن ئىنسان، ئادەمنىڭ بالىسىمەن. مەن ئۇن تۆت يىل ئادەملەردىن ئايرىلىپ باياۋاندا ياشىدىم. كېيىم-كېچەكلىرىم يىرتىلىپ مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ

كەڭرى جاھان تارلىق قىلار جېنىمغا،
ھېچكىم كەلمەس ئەھۋال سوراپ يېنىمغا.
شېرىك قىلماس ھېچكىم بۇردا نېنىمغا،
دېھقان كۆزدە خامانىدىن ئايرىلسا.

ئاياز كۈنى ئاسمان بولغاي يېپىنچى،
يالاڭ تەنگە مۇزلىغان يەر سېلىنچى.
دۆڭ ئاتلىسا تېپىلمايدۇ تايانچى
ھەركىم ئەگەر ئاشىياندىن ئايرىلسا.

ئادىلخان دەر: چېكىپ دەردۇ - مالامەت،
ئۆلمەي تۇرۇپ ماڭا بولدى قىيامەت.
پەلەك سەندىن كۆردۈم تالاي نادامەت،
ئامان تاپسام، ئەپخان مەندىن ئايرىلسا.

قاچان مېنىڭ مەگزىمدىن نەم قۇرۇغاي؟
تۈن كېچەمنى ئايدىڭ قىلغاي قاچان ئاي؟
گەز لېۋىمگە تۆكۈلەرمۇ ئىسسىق چاي
جاننى باقماق تەس ھەمياندىن ئايرىلسا.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان شۇنداق تۇراتتى، ھېلىقى شەھەر ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن دۆلەت قۇشى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قوندى. پادىشاھ ئادىلخان بۇنى بېشىدىن قانچە ئۇركۈتۈپ باققان بولسىمۇ پايدا بەرمىدي. قۇش ئۇنىڭ بېشىغا تەكرار قونۇپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىلىقتا خالايىقلار كېلىشتى ۋە ئۇلار پادىشاھ ئادىلخاننى بىر - بىرىگە كۆرستىپ «قاراڭلار، قوتازدەك تۈكلۈك نېمىكەن، تۇۋا، بۇ

جاپا بولدى. ئاندىن پەلەككە شىكايەت قىلىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

شەيتان لەئىن ئىمانىغا قەست ئېتەر،
ئاجىز جىېنىڭ ئەزىز تەندىن ئايرىلسا.
پەلەك ساڭا كەڭ ئالەمنى تار قىلار،
مېھنەت كېلىپ دۆلەت قولدىن ئايرىلسا.

دۆلەت كېلىپ قونسا چىۋىن بېشىغا،
سۇمرۇغ كېلەر كۆندە ئۇنىڭ قېشىغا.
شېكەر بولار زەھەر سالسا ئېشىغا،
بەخت، ئامەت، دۆلەت ئاڭا يار بولسا.

مېھنەت كېلىپ، دۆلەت قاچسا ئادەمدىن،
كېچە - كۈندۈز كېلەر جاپا ئادەمدىن.
قاچار ھەممە، تاپالمايسەن ئالەمدىن،
پادىشاھلار خانىماندىن ئايرىلسا.

ئۇچار قۇشتەك قاناتلىرىڭ قايرىلۇر،
خانىمانىڭ شامماللارغا سورىلۇر.
جاندىن ئەزىز پەرزەنتلىرىڭ ئايرىلۇر،
غېرىب بولۇپ ماكانىدىن ئايرىلسا.

ياش قۇرۇماس ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن،
توپا - تۇپراق ئاجرىمغاي يۈزىدىن.
دەردىن بىلمەس ئۆزگە ئادەم ئۆزىدىن،
يۇرت، مەھەللە، ئۆي - ماكاندىن ئايرىلسا.

ۋەزىر ـ ئەمىرلەر ئۇنى تۇتۇپ، بېشىدىن قۇشنى ئاجرىتىۋېلىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرايلى، دەپ مەسلىھەتلىشىپ پادىشاھ ئادىلخاننى تۇتتى ۋە دۆلەت قۇشىنى ئۈركۈتۈپ باقتى. قۇش يەنە ئۇچۇرۇۋەتسە، يەنە كېلىپ ئادىلخاننىڭ بېشىغا قوندى. بۇ ھالنى كۆرگەن ۋەزىرلەر: «بۇ راستىنلا ئادەم ئوخشايدۇ، قۇش ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجرىمىغانىغا قارىغاندا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنسەك بولغۇدەك، ئەلمىساقتىن داۋام قىلىپ كەلگەن يوسۇننى بۇزماي، ئۇنى شاھلىق تەختكە ئولتۇرغۇزايلى، تەقدىرگە تەن بېرەيلى» دېيىشىپ مەسلىھەت تۈزۈشتى ۋە دەرھال شاھانە تون ـ سەرپايلارنى كەلتۈرۈپ ئادىلخانغا كىيگۈزدى. بېشىغا شاھلىق تاجىنى كىيدۈرۈپ، بېلىگە گۆھەر كۆزلۈك كەمەر باغلىدى. ئاندىن ئۇنى ئالتۇن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ناغرا ـ سۇنايلار چېلىندى، شەھەر ئاسمىنىنى شادلىق قاپلىدى. شەھەر خەلقى ساماغا چۈشتى. پادىشاھ ئادىلخان ئوردىغا كېلىپ ئالتۇن تەختتىن ئورۇن ئالدى. پادىشاھ ئادىلخان يەنە پادىشاھ بولدى. بىر مىڭ يەتتە يۈز ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردىلەر ئۇنىڭغا قول باغلاپ تۇردى. پادىشاھ ئادىلخان ئۇلارغا بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قەدىردانلار، سىزلەرگە بىر سۆز ئېيتاي مەن،
چەرخى پەلەك ھەر كۈنى جاپا ئەيلىدى.
بىرىگە كىيدۈرۈپ زەر ياقىلىق تون،
بىرىنى ئەل ئىچرە گادا ئەيلىدى.

بىرىگە بېرىپتۇ تەخت بىلەن تاج،
خەلقى ئالەم ئۇنىڭغا بولۇپتۇ موھتاج.

دۆلەت قۇشى قىرىق كۈندىن بېرى ھېچكىمنىڭ بېشىغا قون-
ماي، مۇنۇ دىۋانە سۈپەت ئادەمنىڭ بېشىغا قونغىنىنى» دې-
يىشىپ غۇلغۇلا قىلىشتى. شۇ ئەسنادا بۇ شەھەرنىڭ ۋەزىر
ئەمىرلىرىمۇ كەلدى. ئۇلارمۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ، ياقىلىرىنى
چىشلەشتى، دۆلەت قۇشىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇركۈتۈپ باقتى.
ئەمما قۇش ئادىلخان پادىشاھنىڭ بېشىدا چىڭ تۇرۇۋالدى.
ۋەزىرلەر ئادىلخاندىن:

— سەن زادى نېمە ئادەم، بۇ شەھەردە ئەزەلدىن سەن-
دەك ئادەم سىياق مەخلۇق بولغان ئەمەس، قەيەردىن كەل-
دىڭ، قەيەرگە ماڭدىڭ، ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

پادىشاھ ئادىلخان جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ئەتراپتا: «ئې-
زىتقۇ بولمىسۇن يەنە، ئالۋاستى بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دې-
گەن كۇس - كۇس گەپلەر ئاڭلاندى. پادىشاھ ئادىلخان:

— مەن ئادەم، مەن ئىنسان پۇشتىمەن، — دەپ سۆزىنى
ئەمدى باشلىشىغا ئادەملەر بىرسىنى - بىرسى ئىتتىرىپ، دۇ-
رۇد ئوقۇشۇپ قاچتى. ئۇلار پادىشاھ ئادىلخاننىڭ سۆزىگە
ئىشەنمەيلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكىدىن تېخىمۇ
قورقۇشۇپ كەتكەنىدى. پادىشاھ ئادىلخان ئۇلارغا قاراپ مۇن-
داق دېدى:

— ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن ئادەم، — خالايىقلار توختاشتى،
ئادىلخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بۇ يۇرتقا مۇساپىر-
مەن، مەن ئەسلىدە يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئىدىم. مەن
شاھلىقتىن ئايرىلىپ ئون تۆت يىل چۆل - باياۋاندا ئادەم
كۆرمەي ياشىدىم. بەدەنلىرىمگە تۈك چىقىپ كەتتى، مەندىن
قاچماڭلار، مەن سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، بەلكى غېرىب، كۆڭ-
لى سۇنۇق ئادەممەن. مەن سىلەرنى ھېچنېمە قىلمايمەن، ما-
ڭا رەھىم قىلىپ كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ بېرىڭلار.

ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
بىلىقنىڭ ئىچىدە يىغلايدۇ چەندان.
ياقۇپمۇ ئوغلىغا يىغلىدى گىريان،
يۇسۇپنى گۇناھتىن ئادا ئەيلىدى.

خۇدانىڭ رۇسۇلى ئىدى ئىبراھىم،
ئوغلىنىڭ چېھرىگە مۇشتاقتى دائىم.
ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالدى خۇدايىم،
مېھرىبان پەرزەنتتىن جۇدا ئەيلىدى.

بىراۋنىڭ رەنجىگە ياخشى بىر داۋا،
بىراۋنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ راۋا.
بىراۋنىڭ كۆزىنى قىلىپ كور ـ ئەما،
قولىغا بىر ياغاچ ھاسا ئەيلىدى.

بىرىگە بېرىپتۇ ۋىسال دۆلىتى،
ھىرىگە بېرىپتۇ ئەيش ـ ئىشرىتى.
بىرىنىڭ ھەددىدىن تولا ھەسرىتى،
بىراۋنى بارچىدىن جۇدا ئەيلىدى.

ئارماندا ياشىدى شىرىن ۋە پەرھاد،
بۇ پانىي دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ ناشاد.
پەلەكنىڭ قولىدا داد ئۈستىگە داد،
ھىردىگە مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلىدى.

لەيلى ۋە مەجنۇندۇر ئاشىقى ـ شەيدا،
ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى مىڭ سەۋدا.

بىرىنى قىلىپتۇ ئاجىز، يالىڭاچ،
موھتاج قىلىپ قەددىنى دۇتار ئەيلىدى.

بىرىگە بېرىپتۇ تەخت ۋە دۆلەت،
بىرىگە بېرىپتۇ رەنجى ـ مۇشەققەت.
سايە ساپتۇ بېشىغا تۇمەنلەپ كۆلپەت،
بىراۋىنىڭ بەختىنى قارا ئەيلىدى.

سىڭىلنى ئايرىدى ياخشى ئاغادىن،
قىزلارنى ئايرىدى مۇشپىق ئانادىن.
ئۇلار ئۆتتى ھەسرەتتە پانىي دۇنيادىن،
ئاتانى ئوغلىدىن جۇدا ئەيلىدى.

بىرىگە ئىچكۈزدى لالەرەڭ شاراب،
بىرىنىڭ باغرىنى ئەيلىدى كاۋاب.
ئاخىردا قىلدىلار بارچىنى خاراب،
ھەر كىمگە بىر قىسمەت ئاتا ئەيلىدى.

بىرىنى ئەيلىدى تەكەببۇر بويۇن،
بىرىنىڭ قەلبىنى قىلىپ زەرداب ـ خۇن.
مەجنۇندەك چۆللەردە ئەيلىدى جۇنۇن،
خەندانە كۈلكىدىن ئادا ئەيلىدى.

بىرىنى ئەيلىدى بەگزادە، غېنى،
بىرىنىڭ قايغۇسى بىر ناننىڭ غېمى.
ئۇ ئۆتكەن سۇلتانلار، گادايلار قېنى،
ئەجەلگە كىم ئاخىر داۋا ئەيلىدى؟!

ئون تۆت يىل ياشىدىم ئادەمسىز دەشتتە،
قويۇندەك چۆرگىلەپ بولدۇم سەرگەشتە.
ھېچكىمگە كەلمىسۇن بۇ سەرگۈزەشتە،
دەرىخا، پەلەك كۆپ جازا ئەيلىدى.

قارارسىز كەپ قالدىم بۇ شەھەر تامان،
سىلەرگە ئۇچراشتىم بۇندا ناگاھان.
مەن شۇنداق كۈنلەرنى كۆردۈم سەرگەردان،
تاغۇ - تاش ھالىمغا ھازا ئەيلىدى.

ئادىلخان سىلەرگە سۆزلىدى زارى،
ئاشۇدۇر دىمەكچى سۆزۈمنىڭ بارى.
پىدادۇر سىلەرگە ھاياتىم زادى،
تەقدىر يەنە كۆلبەم زىيا ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، بارچە ۋەزىر - ئەمىرلەر، دۆلەت ئەركانلىرى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ئىچىدە ياقىلىرىنى چىشلەشتى. ئادىلخان بىرقانچە كۈن ئارام ئالدى، چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ بۇرۇنقى قىياپىتىگە كەلدى. ئۇ شۇنداق سالاپەتلىك سۇلتانغا ئايلاندىكى، ۋەزىرلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ قېشىدىن ئالدىراپ ئۆتەلمەس ئىدى. ئادىلخان شەھەردە يېڭى تەرتىپ تۇرغۇزۇپ، ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن يۇرت سوراشقا باشلىدى. پادىشاھ ئادىلخان ئادالەت ۋە مېھىر - شەپقەت بابىدا ئاۋۋالقى پادىشاھتىن نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشتى. خالايىق ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇشتى. ۋەزىرلەردىن باشلاپ دەرۋىشلەرگىچە پادىشاھقا چەكسىز ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىشتى.

بارچىنى ئۆلتۈرگەن ۋاپاسىز دۇنيا،
بۇ دۇنيا كىملەرگە ۋاپا ئەيلىدى.

مەن ئىدىم ئەسلىدە ئۇلۇغ شاھىنشاھ،
ئۇ ئەھلى يەمەنگە ئىدىم رەھناما.
غېنى بوپ كېتەتتى شەھرىمدە گادا،
غېرىبلار ھەققىمدە دۇئا ئەيلىدى.

سۇلتانلىق تەختىمدە قىلمايتتىم كىبىر،
يامانلىق سېغىنغان ئەمەسمەن ھېچبىر.
بىلمىدىم ئاشۇنداقمىدىكەن تەقدىر،
قەلەندەر تاجىمنى تەمە ئەيلىدى.

قىرىق كۈن تاجىمنى بەردىم مەن شۇڭا،
پۇقرالىق رەسمىنى كەلتۈردۈم ئاڭا.
ياشىدىم قىرىق كۈن چىقىپ سەھرادا،
قەلەندەر باغرىمنى يارا ئەيلىدى.

باشلاندى ئۆمرۈمدە زۇلمەت ـ قارا كۈن،
ھەممىدىن جۇدا بوپ، ئەيلەندىم سۈرگۈن.
ساماندەك سارغايدى رۇخسارىم ـ گۈلگۈن،
قۇزغۇنلار بېشىمدا ناۋا ئەيلىدى.

قاراقچى قولىغا چۈشتى گۈلچېھرەم،
بولاندى ئارقىدىن پەررۇخ دىل پارەم.
شاھ جەمشىد دەريادا ئېقىپ كەتتى ھەم،
شۇم قىسمەت مېنى بىپاناھ ئەيلىدى.

تاپسا ئەگەر ئۆزگە بىر يار،
ئۆز يارىغا ئوخشامدۇ؟!

كۆڭلۈم مېنىڭ تولا غەمدە،
كۆكسۈم يارا كۆزۈم نەمدە،
ئىلاجىم يوق بۇ ئالەمدە،
لاچىن شۇڭقارغا ئوخشامدۇ؟!

چەمەندە كۆپ ھەر خىل چېچەك،
ھەر بىرسىنىڭ ھىدى بۆلەك.
ئەترچە يوق ھەشقىپىچەك،
گۈل بىلەن گۈل ئوخشامدۇ؟!

بۇ ئالەمدە تولادۇر قۇش،
بۇلبۇل گۈلگە ئاشىق بىھوش.
قۇش نەسلىدۇر ھەتتا ھوقۇش،
كاككۇك سارغا ئوخشامدۇ؟!

خانىمانىم ئاندا قالدى،
گۈلچېھرىخان ئەسىر بولدى.
قاراقچىلار قولىدا قالدى،
زاغ بۇلبۇلغا ئوخشامدۇ؟!

كۆككە يېتەر مېنىڭ ئاھىم،
ئىشتىگىلارچۇ ئاھۇ - زارىم.
ئاھ پەررۇخۇم - ۋاپادارىم،
ياتلار يارغا ئوخشامدۇ؟!

كۆنلەردىن بىر كۈنى ۋەزىرلەر ئۆزئارا پىكىرلىشىپ پادىشاھ ئادىلخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مەرھەمەتلىك ئۇلۇغ شاھىم، ئۆزلىرىگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىمىز، توغرىراقى بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىدى، بىئەدەبلىك بولارمىكىن، دەپ ئېغىزدىن چىقىرالمايۋاتىمىز، — دېيىشتى.

— شۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ، ئىلتىماس سۆزىنى قىلىشمۇ بىئەدەبلىك بولامدىكەن؟ قېنى، نېمە گەپ - سۆز بولسا ئازادە سۆزلەڭلار! — دېدى پادىشاھ.

ۋەزىرلەر مۇنداق دېيىشتى:

— مۆھتەرەم شاھىم، جاھاندا مۇنداق يالغۇز ياشاپ بولغىلى بولمايدۇ. شەھىرىمىزدە ئايدەك ساھىبجاماللار تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىرلەرىنىڭمۇ پەرىشتە بويلۇق قىزلىرىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرىگە تەۋە شەھەر پادىشاھلىرىنىڭ ئاپتاپ چىراي قىز پەرزەنتلىرىمۇ كۆپ. شۇلاردىن بىرەرسىنى خىزمەتلىرىگە تەييارلاپ بەرسەك دەپ ئويلاشقانىدۇق. ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى نېچۇكرەككىن؟

— ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدى پادىشاھ ئادىلخان، — ماڭا ھېچقانداق ئاغىچا لازىم ئەمەس.

ۋەزىرلەر پادىشاھ ئادىلخانغا قارىشىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئوردىنىڭ ئىچىنى سۈكۈت باستى. ئادىلخان شۇ چاغدا يەنە سۆيۈملۈك دىلدارى گۈلچېھرىنى، دىل پارىلىرى شاھزادە پەررۇخ بىلەن شاھزادە جەمشىدنى ئېسىگە ئالدىدە، باغرى كۆيۈپ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىشى كەلسە باشقا يۇرتقا،
دىيارىغا ئوخشامدۇ؟!

ۋە ئاقىل، ئىشتا زېرەك بولسۇن، خۇلقى، ياخشى، خۇش نـ
مەت بولغاي، بەتبەشىرە ۋە بەتقىلىق بىلۇپ قالمىسۇن. ئۇ
كۈندۈزلىرى خىزمىتىمدە، كېچىسى ماڭا ھەمراھ بولغاي. باشـ
تىلا سىلەرگە ئېيتاي، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە ھۆرمەتكە سازا-
ۋەر قىلىغايسىلەر، كۆڭلىگە ئازار بەرمىگەيسىلەر. مەن ھەر
قانداق جانىنىڭ خورلىنىپ قېلىشىنى، ئاھ چېكىپ تولغىنىشىنى
ھەرگىز خالىمايمەن.

ۋەزىرلەر ئادىلخاننىڭ پەرمانى بويىچە خەزىنىلەرنى
ئېچىپ پۇل - مال ئالدى ۋە شەھەرنىڭ چاسۇ - دوقمۇشلىرىغا
«پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە بىر غۇلام لازىم، ھەركىم
ئۆز ئىختىيارى بىلەن پادىشاھقا يارىغۇدەك غۇلاملىرى بولسا
ئەكەلسۇن، ياراپ قالسا باھاسى دېگەن بويىچە بولىدۇ» دەپ
ئېلان چىقاردى. بۇ خەۋەر بىردەمدە ئەتراپقا تاراپ، تەرەپ -
تەرەپتىن بايلار، بەگزادىلەر ئۆزلىرىنىڭ غۇلاملىرىنى تاللاپ
دىيارى بەكرى شەھىرىگە قاراپ ئاقتى. بۇ سۆز ئەمدى مۇشۇ
يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھ-
زادە پەررۇختىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئادىلخاننى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىمەن، دەپ
ئالدىغان قاراقچى شاھزادە پەررۇخنى دەريانىڭ نېرىقى ساھى-
لىغا ئۆتكۈزۈپلا ئېلىپ قاچتى. ئۇ، شاھزادە پەررۇخنى ئۆزى-
نىڭ ماكانىغا ئاپىرىپ ئۆزىگە غۇلام قىلىۋالدى. شاھزادە
پەررۇخ ئۇنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ئون تۆت يىل باقتى.
يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەڭ ھېلىقى قاراقچى باي باشقىلار-
غا قەرزدار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى شامالدا
قالغان توزغاقتەك توزۇپ تۈگىدى. قەرز بەرگەنلەر كۈندە
دېگۈدەك كېلىپ ئۇنى ئارام ئالغۇزمىدى. شۇنداق كۈنلەردە
شەھەردىن «پادىشاھ بىر غۇلام ئالىدىكەن، ياراپ قالسىلا دې-

ياراﻧﻼردﯨﻦ جۇدا بولدۇق،
غەم قولىدا ئادا بولدۇق.
ئاھ، جەمشىدىم ئىلاجىم يوق،
چۆل گۈلزارغا ئوخشامدۇ؟!

ئادىلخان دەر: مەن بىر غىرىب،
كەڭ ئالەمنى چىقساڭ كىزىپ.
مىسكىنلەرنى كەلسە تىرىپ،
غىرىب ماڭا ئوخشامدۇ؟!

ئۇنتالمايمەن گۈلچىھرەمنى،
تاپىمەن شۇ مەلىكەمنى،
كۆڭلۈم تارتماس ھۆر سەنەمنى،
يار يارىمغا ئوخشامدۇ؟!

نەگە كەتتى پەررۇخ بالام،
ئىقىپ كەتتى جەمشىد بوتام.
ماڭا ھەۋەس، ئىشرەت ھارام،
چۆل بوستانغا ئوخشامدۇ؟!

پادىشا ئادىلخان ۋەزىرلىرىگە مۇنداق دىدى:

— ۋەزىرلىرىم، سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە كۆپ رەھمەت، ماڭا شۇ قەدەر كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا بارىكاللا. ماڭا بىر غۇلام خىزمەتچى ئىلىپ بىرىڭلار، باشقىلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلماي، ئۆزى رازى بولىدىغان بىر ئادەمنى تىپىپ كەلسەڭلار بولىدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن خەزىنىدىن مال - دۇنيا ئىلىپ سەرپ ئەتكەيسىلەر. تاپقان ئادەم دانا

ساتماي نىمە چارەم بار،
ئەمدى سىنى ساتقايمەن.

بۇرۇن كاتتا باي ئىدىم،
ئەركە ئۆسكەن تاي ئىدىم.
ئامەت كېتىپ ۋاي دېدىم،
ئەمدى سىنى ساتقايمەن.

شۇنداق ئىكەن بۇ ئالەم،
گاھى كۈلكە، گاھ ئەلەم.
قۇمدەك كۆمدى قايغۇ - غەم،
ئەمدى سىنى ساتقايمەن.

بويۇن سۇنۇپ بول بەندە،
ئۆزگە ئىلاج يوق مەندە.
شاھ ئالارمىش دېگەنگە،
ئەمدى سىنى ساتقايمەن.

رازى بولغىن سەن مەندىن،
سېتىپ ئالاي پۇل ئاندىن.
تاپاي مىڭنى ئاق تەڭگىدىن،
ئەمدى سىنى ساتقايمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ شاھزادە پەررۇخنى ئالدىغا سېلىپ تاغدىن چۈشۈپ، دىيارى بەكرى شەھىرىنىڭ ئاۋات چاسۇ-دوقمۇشىغا كېلىپ تۇردى. غۇلام ئىزدەپ يۈرگەن ۋەزىرلەر كۆردىكى، بۇ يەردە شۇنداق خۇشرۇي ۋە خۇشخۇي، شاھزادە

ىگەننى بېرىدىكەن» دېگەن خەۋەر چىقتى. ۋەيران بولغان قاراقچى باي ئۆيان ئويلا، بۇيان ئويلا، شاھزادە پەررۇخنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:
— ئەي غۇلامزادە، ئون تۆت يىلدىن بېرى خىزمىتىمنى ياخشى قىلدىڭ. ھالا بۈگۈنكى كۈنگىچە كەلگەندە قۇرۇغان دەرەخ يېشىل يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلغانىدەك مال ـ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالدىم. بۈگۈن سېنى سېتىش قارارىغا كەلدىم. مەندىن رازى بولغايسەن، — دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قۇلاق سالغىن جېنىم غۇلام،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.
يارانىم ئىدىڭ سەن غۇلام،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

ئايرىلماسقا چارەم يوق،
ساتماسلىققا چارەم يوق.
بولدى ماڭا بولغۇلۇق،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

پۇلسىز قالدى قول ـ ئىلكىم،
تۆگەي دېدى يىلنىكىم.
توزۇپ كەتتى بار مۈلكۈم،
ئەمدى سېنى ساتقايمەن.

بولۇپ قېلىپ قەرزدار،
كۆڭلۈمدە چەكتىم مىڭ ئازار.

مىتىدە بولدى. كېچىلىرى پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ، قېشىدا تۇردى. ئەمما بۇ غۇلام كېچىلىرى پەقەتلا ئۇخلىماي يىغلاپ ئولتۇراتتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پەررۇخ باغقا كىرىپ گۈل-غۇنچىلارنى تاماشا قىلىپ يۈردى. باغدا شاھ تۇتىلار، قۇمرىلار، بۇلبۇللار سايرىشىپ چاڭ كەلتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ سايراشلىرى پەررۇخنىڭ باغرىنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى يادىغا سالدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، ئون تۆت يىل بىر قاراقچىغا بەندە بولۇپ خىزمىتىنى قىلدىم. كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆردۈم. ئون تۆت يىل قولۇم-قولۇمغا، پۇتۇم-پۇتۇمغا تەگمەي ئىشلىدىم. ھالا پادىشاھقا سېتىلىپ، بۇ بەخت-پاراغەتكە ئېرىشتىم. ئەپسۇس، مىنىڭ نادامەتكى، مېھرىبان ئانام، ۋاپادار ئاتام، ۋە غەمگۇزار قېرىندىشىم قەيەرلەردە خارۇ-زار بولۇپ يۈرگەندۇ؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر چۈشكەندۇ؟ —

— دەپ باھار يامغۇرىدەك يىغلاپ، چاقماق سوققان بۇلۇتتەك ئۆرتىنىپ ئۇزاق يىغلىدى. ئاندىن توختىماي ۋىچىرلاپ تۇرغان قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خۇش سايرىغان ئەركىن قۇشلار،
قاياشىمغا سالام دەڭلار.
مېنىڭ ئەجەب شوردۇر ھالىم،
سورىغانلارغا سالام دەڭلار.

بىزلەر بىلەن ھەمدەم بولغان،
دەردكە ئورتاق مەلھەم بولغان.
كۆلسەك بىللە خۇررەم بولغان،
يارانلارغا سالام دەڭلار.

سىياپەت بىر غۇلام قوللىرى باغلانغان، كۆزلىرى ياشقا تولغان هالدا تۇرۇپتۇ. ۋەزىرلەر قاراقچى باينىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بۇ غۇلامنى ساتماقچىمۇ سەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە ساتماقچىمەن، — دېدى ئۇ ۋەزىرلەرگە، — بۇ مېنىڭ ئاتا — ئانامدىن مىراس قالغان غۇلام ئىدى. ئۆزى زېرەك، ئىشقا چاققان، هاجەتمەن بولۇپ قالمىغان بولسام ھەرگىز ساتماس ئىدىم. ئىلاجىسىزلىقتىن ساتماقچى بولۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كىردىم، ھەركىم ئالماقچى بولسا مىڭ تەڭگىگە ساتقايمەن، بىر تەڭگە كەم بولسا ساتمايمەن.

ۋەزىرلەر:

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە پەررۇخ:

— مېنىڭ ئىسمىم غۇلامزادە، — دەپلا گەپنى ئۈزدى.

ۋەزىرلەر سەل نېرىراق بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ بىز ئىزدىگەن غۇلام ئىكەن، پادىشاھىمىزغا لايىق ئىكەن، ئون مىڭ تەڭگىگىمۇ ئەرزان غۇلام ئىكەن، دەپ مەسلىھەتلەشتى ۋە مىڭ تەڭگىنى قاراقچى بايغا بېرىپ شاھزادە پەررۇخنى سېتىۋالدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى بوشىتىپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدىدە، يۇيۇپ - پاكلاپ، ئۈستىباش كىيگۈزدى، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ كۆردىكى، ھەقىقەتەنمۇ ئاپتاپ تەلئەت، مۇشتەرى سائادەت بىر غۇلام ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى - نىشانىسىدىن ھېچبىر چاكارلىق ئالامىتى سېزىلمەيتتى، پادىشاھ بەك خۇش بولدى. ئۇ ۋەزىرلەرگە:

— ماڭا ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى غۇلام مۇيەسسەر قىلدىڭلار. بۇ يىگىت كۆڭلۈم ئارزۇلىغاندىنمۇ ئارتۇق ئىكەن، — دەپ ئۇلارنى ماختىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە پەررۇخ پادىشاھنىڭ خىز-

شىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ غەملىك چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرتقۇزۇپ:

— ئەي ۋەزىرلەر، مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ غەمكىن ۋە دەردمەن ئادەم دەپ ھېسابلايتتىم. ئەمما بۇ غۇلام مەندىنمۇ زىيادە دەردمەن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۈندۈزلىرى ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلىدۇ، كېچىلىرى كۆز يۇممايدۇ. كېچىسى مەن ئۆز ھالىم بىلەن بولۇپ ئۇخلايمەن. ئەمما بۇ غۇلام نېمىشقىدۇر يىغلاپ ئاھ، ئۇھ تارتىپ كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزىدۇ. پەرىزىمچە، بۇ غۇلام غېرىبسىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا جورا بولغۇدەك بىرەر غۇلام ئەكىلىپ بېرىڭلار. كۈندۈزلىرى بىللە ئىشلەپ، كېچىلىرى ئۆز ئارا مۇڭدىشىپ، ئەرزى-ھالىنى بىر-بىرىگە بايان قىلىشىپ زېرىكمەي ئۆتسۇن. ئۇنى قەپەسكە يالغۇز سولاپ قويغان قۇشتەك بۇنداق تۇتۇپ تۇرساق ئۇۋال بولغۇدەك، — دەپ ئەمر قىلدى.

ۋەزىرلەر پادىشاھقا پەرمانبەردار بولۇپ دەرھال دىيارى بەكرى شەھىرىنىڭ چاسۇ-دوقمۇشىغا كەلدى ۋە جاكارچىلارنى تەرەپ-تەرەپكە يوللىدى. جاكارچىلار:

— ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار، ئامۇ خاس! پادىشاھقا بىر ياخشى غۇلام لازىم بولۇپ قالدى. ھەر كىمنىڭ پادىشاھقا يارىغۇدەك خىزمەتكارى بولسا، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئېلىپ كەلسۇن! ياراپ قالسا دېگەن باھاغا ئالغايمىز! — دەپ توۋلىشىپ كوچا دوقمۇشلارنى كەزدى.

بۇ خەۋەر ئالەمگە پۇر بولدى. ھەر تەرەپتىن، شەھەر-شەھەرلەردىن غوجىزادىلەر، باي، غېنىلار ئۆزىنىڭ غۇلاملىرىنى ئېلىپ دىيارى بەكرى شەھىرىگە كېلىشتى. دىيارى بەكرى شەھىرى سېتىلىدىغان غۇلاملار بىلەن تولدى. ئەمما ھېچبىر

مەھەللىدە بىللە ئۈيناپ،
چاھار باغدا ناخشا توۋلاپ.
خۇشاللىقتا شادلىق ئۇلاپ،
يۇرگەنلەرگە سالام دەڭلار.

مېنىڭ ئۇچۇن يۇرەك داغلاپ،
ئارمان بىلەن جانىن قىيناپ.
ئەپغان چېكىپ، قانلار يىغلاپ،
جان ئانامغا سالام دەڭلار.

ھەق سۆزنى بەرھەق بىلگەن،
قارا بەختى قانلار بولغان.
ئاھ، ئەجەلنىڭ سۈيىن ئىچكەن،
شاھ ئاتامغا سالام دەڭلار.

شاھ پەررۇخ دەر: تولا زارىم،
قايدا ئېرۇر ۋاپادارىم.
خۇلقى گۈزەل بىر تۇغقىنىم،
جەمشىدىمگە سالام دەڭلار.

شاھزادە پەررۇخ شۇنداق نەزمىلەرنى ئوقۇپ باغدىن چىقتى. ئۇ كېچىلىرى پادىشاھنىڭ قېشىدا ھەمراھ بولاتتى. ئۇنىڭ باغرى غەمگۇزار ئاتىسى شاھ ئادىلخاننىڭ ھىجرىدە، مېھرىبان ئانىسى گۈلچېھرەخاننىڭ دىدار تەقەززاسىدا، ئامراق قېرىندىشى شاھزادە جەمشىدنىڭ جۇدالىق پۇرقىتىدە پىنھان كۆيەتتى. ئەمما بۇ سىرلارنى ئۇ ھېچ كىشىگە ئېيتمايتتى. ئاردىن بىر يىل ئۆتتى، ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ، قېرىندى-

سەنسەن مېنىڭ ئەۋۋەل ئاخىر پاناھىم،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

بىر ئاي بولدى ئاھ، مەن غېرىب ئاچ ۋە زار،
ماڭا يوقتۇر سەندىن ئۆزگە مەدەتكار.
قىلما مېنى سەن نائۇمىد دىلپىكار،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

بېلىق تۇتۇپ ئۆتتى ئۆمرۇم دۇنيادا،
مېنىڭ رىسقىم مۇشۇ ئەزىم دەريادا.
بېلىق تۇتۇپ كۈنۈم ئۆتەر ئارماندا،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

تور سالىمەن، ماڭا ھەمدەم ئايالىم،
جان باقالماي تەندە ئازدۇر ماجالىم.
دېمىسەممۇ ساڭا مەلۇم ئەھۋالىم،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

پېقىر بەندەڭ ئارتۇق نەرسە تىلىمەس،
قەدرى ئەھۋال كۈنۈم ئۆتسە بولدى ـ بەس.
نەچچە كۈندىن ئامەت قېچىپ، باستى نەس،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

بېلىقچى ئەر ـ خوتۇن دەرياغا تورنى يەنە سالدى. شۇ ھامان تورغا غايەت زور بىر بېلىق چۈشتى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ مىڭ تەستە بېلىقنى دەريادىن چىقاردى. بېلىق ناھايىتى يوغان ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ھەددىدىن زىيادە

غۇلام ۋەزىرلەرگە يارىمىدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شاھزادە جەمشىدتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئادىلخان شەھىرى يەمەندىن چىقىپ، ئۇزۇق-تالقانلىرى، ئات-ئۇلاغلىرى قاراقچىلارغا بۇلىنىپ، كۆپ رىيازەت چۆللىرىنى كېزىپ بىر يەرگە كەلگەندە مەلىكە گۈلچېھرەدىن، يەنە بىر يەرگە كەلگەندە ئوغلى شاھ پەررۇختىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، كىچىك ئوغلى جەمشىد دەريادا ئېقىپ كەتكەنىدى. شاھزادە دەريادا گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ ئۇزاق ئاقتى.

ئەلقىسسە، دىيارى بەكرى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى كەنتتە بىر بېلىقچى بار ئىدى. ئۇ ئادەم دەريادىن بېلىق تۇتۇپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بىر كۈنى كۈن بويى دەرياغا تور سالغان بولسىمۇ، بىرەر تالمۇ بېلىق تورغا چۈشمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. چۈنكى ئۇ كۈندە تۇتقان بېلىقىنى سېتىپ، شۇ كۈننى ئۆتكۈزەتتى. بېلىقچى تەرەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇدى، ئاندىن بېشىنى سەجدىگە قويۇپ خۇداغا يىغلاپ مۇنداق مۇناجات قىلدى، نەزمە:

يەر ۋە كۆكنى خەلق ئەتكەن بىرۇ بار
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.
مېنى قىلما بۇ دەرياغا ئىنتىزار،
ماڭا بىرەر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن.

كۈندىن-كۈنگە بەتتەر بولدى ئەھۋالىم،
ساڭا يەتكەي مېنىڭ دەردىم، ئاھ-زارىم.

قارارغا كەلدى ۋە شاھ جەمشىدنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئەھۋالىمىزنى ساڭا دېمىسەكمۇ بىلىسەن، ھالىمىز خارابلىشىپ قەرزدار بولۇپ قالدۇق. ئاڭلىساق، دىيارى بەكرى شەھىرىنىڭ پادىشاھى بىر غۇلام ئالماقچىمىش. بىز سېنى ساتماقچى بولدۇق. بىزدىن رازى بولغىن. بەلكى پادىشاھنىڭ قېشىدا بىزنىڭ قېشىمىزدىن ياخشىراق كۈن كۆرەرسەن، — دېدى.

جەمشىد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— سىلەرنىڭ خاھىشىڭلاردەك بولسۇن، مەن ئاتا - ئانادىن، سۆيۈملۈك ئاكامدىن ئايرىلىپ تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بېلىقنىڭ قارنىدىن سىلەرگە ئۇچرىدىم. ئون تۆت يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولدۇم. خۇدا مېنى سىلەرگە نېسىپ قىلغان. نېمە قىلساڭلار ئىختىيارىڭلاردىمەن، — دەپ يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەرزىم ئىشىت جانىم ئاتا،
ئاللادىن كەلسە نە چارە؟
كۈندىن - كۈنگە كۆڭلۈم ناشاد،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

دەرد - ئەلەملەر كەلدى قات - قات،
كۆتۈرۈلمەي دىلدىن پەريات.
ئاچچىق قىسمەت ئىچرە ھايات،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

خانىمانىمدىن جۇدا بولدۇق،
غېرىبلىق دەردىدە قالدۇق.

چوڭ تۇراتتى. بېلىقچى كۆڭلىدە بۇ بېلىقنىڭ قورسىقى ئادەتتىكى بېلىقلاردىن كۆپ چوڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارنىدا بىرەر نەرسە بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ بېلىقنىڭ قارنىنى يارىدى. كۆردىكى، بېلىقنىڭ ئىچىدە شۇنىداق نۇرانە بىر بالا يېتىپتۇ. بېلىقچى ئۇنى بېلىق قارنىدىن ئالدى. بۇ دەل شاھزادە جەمشىد ئىدى. ئۇ شاھ ئابدۇلخان دادىسىنىڭ قولىدىن ئاجراپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ بېلىققا دۇچ كېلىپ قالدى. بېلىق ئۇنى قارنىغا دەم تارتقانىدى. شاھزادە بېلىقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئاغزىدىن توختىماي سۇ ياندۇردى. بېلىقچى ئۇنى قۇرۇق قۇمغا كۆمدى. شاھزادە ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى.

بېلىقچى بېلىقنىڭ تېنىنى پارچە ـ پارچە قىلغانىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن توققۇز دانە گۆھەر چىقتى. بېلىقچى ئايالى بىلەن خۇشال بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئۇلار گۆھەرلەرنى سېتىپ باي بولدى ھەم شاھزادە جەمشىدنى ئۆزىگە بالا قىلىۋالدى. ئۇنىڭغا خۇدابەردى دەپ ئىسىم قويدى.

شاھزادە ئۇلارغا بالا بولۇپ، ئون تۆت يىل ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. بېلىقچىنىڭ گۆھەرلەرنى ساتقان پۇللىرىمۇ تۈگىدى. ياشلىق باھارى ئۆتۈپ، پۇت ـ قولىدىن مادارى كەتتى، قېرىلىق يەتتى. توپلىغان مال ـ بىسات تۈگەپ قەرزدار بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھال ـ كۈنى بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دىيارى بەكرىنىڭ پادىشاھى ئۆزىگە بىر غۇلام ئالىدىكەن، دېگەن خەۋەر قۇلىقىغا يەتتى. بېلىقچى ئايالىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ مەسلىھەت تۈزدى. ئىككىسى: خۇدابەردىنى ساتايلى، قەرزىمىزدىن قۇتۇلۇپ، قېرىغاندا ياخشىراق كۈن كۆرسەك ئەجەب ئەمەس، دېگەن

شۇنداق قىلىپ بېلىقچى جەمشىدنى دىيارى بەكرى شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. شۇ ئەسنادا ۋەزىر - ئەمىرلەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ۋەزىرلەر ئۇنىڭدىن سوراشتى:

— بۇ غۇلامنى ساتامسەن؟ بۇ ئاجايىپ ساھىبجامال نۇرانە يىگىتنى نېمىشقا ساتماقچى بولۇپ قالدىڭ؟

— قانداق قىلاي، — دېدى بېلىقچى ئاھ تارتىپ، — بۇ غۇلامنى بويىغا تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ساتقۇم يوق ئىدى. قېرىغاندا قەرزدار بولۇپ قالدىم. قەرزىمنى قايتۇرۇشقا يا ماجالىم، يا ئامالىم يوق. شۇڭا سېتىشنى ئويلىدىم. ھەركىم ئالماقچى بولسا مىڭ تەڭگىگە ساتىمەن.

— بۇ غۇلامنىڭ ئېتى نېمە؟ — سوراشتى ۋەزىرلەر.

— ئېتى خۇدابەردى، — دېدى بېلىقچى. ۋەزىرلەر بۇ پادىشاھنىڭ غۇلامىدىن قېلىشمايدىغان غۇلام ئىكەن، ئۇن مىڭ تەڭگىگىمۇ ئەرزان غۇلام ئىكەن، دېيىشىپ بېلىقچىنىڭ قولىغا مىڭ تەڭگىنى تۇتقۇزدى. ئاندىن ئېتىنى خۇدابەردى دەپ قويۇۋالغان بۇ جەمشىدنى ئوردىغا ئەكىلىپ يۇيۇپ پاكىزلاپ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزدى - دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ بۇ خۇش تەلئەت مۇلايىم يىگىتنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئاۋۋالقى غۇلام بىلەن قول تۇتۇشتۇرۇپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئىناق - ئىجىل ھەمراھلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار كۈندۈزلىرى پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، كېچىسى پادىشاھنىڭ قېشىدا ھەمراھ بولدى. بۇ ئىككى غۇلام كېچىلىرى پەقەت ئۇخلىماي بىرسىگە - بىرسى ئۇقتۇرماي ئۇھ تارتىپ يىغلايتتى. پادىشاھ بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

پادىشاھ مۇنداقمۇ دەردمەن غۇلاملار بولىدىكەن - دە،

قارا كۈندە كۆپ قىينالدۇق،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە.

ئاتام ئىدى دائىم دىلدار،
ئانام ئىدى شۇنچە غەمخار.
پەررۇخ ئاكام ئىسسىق رۇخسار،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

بولۇپ بىزگە قىيامەتلەر،
چەكتۇق تولا نادامەتلەر.
ھەر كۈن تۈرلۈك مالامەتلەر،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

كېچە - كۈندۈز قۇلۇڭدۇرمەن،
سېتىۋەتسەڭ پۇلۇڭدۇرمەن.
ھەر نە قىلساڭ رازىدۇرمەن،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

كۆپ يىل تۇردۇم مەن يېنىڭدا،
جېنىم قوشتۇم جان - جېنىڭغا.
رازى بولغىن ئاش - نېنىڭغا،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

بۇ ئىشلارغا مەن بىئامال،
مېنى سېتىپ تاپقىن پۇل - مال.
قېرىغاندا ئۆتكىن خۇشال،
بۇ قىسمەتكە نېمە چارە؟

بىزلەر ئۇچۇن بەك مېھرىبان،
ئانىجانىم قايدادۇرسەن؟

قاراقچىغا بەندە بولۇپ،
گۈزەل چېھرىڭ گۈلدەك سولۇپ،
چولپان كۆزۈڭ قانغا تولۇپ،
شاھ پەررۇخۇم قايدادۇرسەن؟

قېنى سەندەك ۋاپادارىم،
ئېيتسام ئىدىم ساڭا زارىم،
مەندەك غېرىب يوقتۇر بەلكىم،
قەدىردانىم قايدادۇرسەن؟

كۆز ياشلىرىم دەريا ئېقىپ
كېلەرمۇ دەپ ھەريان بېقىپ،
چېھرىم كەتتى، ئاھ، سارغىيىپ،
جانىجانىم قايدادۇرسەن.

كۆرۈشمەسلىك بولسا نېسىپ
يۈز بېقىشساق قۇچاقلىشىپ،
دەردىم كەتتى كۆكتىن ئېشىپ
كەم دىدارىم قايدادۇرسەن؟

ئەلقىسسە: بۇ ئىككى قېرىنداش شاھزادىلەر بىرسى-بىر-سىنى بىلىشمەي پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولىدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتتى.

بىرسى ئاھ، دېسە، بىرسى ئۇھ، دەپ يۈرگىنىگە قارىغاندا بۇلارنىڭ دەردى ھەقىقەتەن زىيادە بولسا كېرەك، دەپ ئۇ- لارغا ئىچ ئاغرىتتى. پادىشاھ بۇ ئىككىسىنى بىرەر دەم كۆر- مىسە چىدىيالمايتتى. شۇڭا ئۇلارنى تېخىمۇ ئازادە قويدى. بۇ ئىككى غۇلام پاراغەت ئىچىدە ياشىدى. بىر كۈنى شاھ جەم- شىد ئاتا - ئانىسىنى، ئاكىسىنى يادىغا ئېلىپ قاتتىق يىغلى- دى. «مېھرىبان ئاتا - ئانام، قېرىندىشىم قەيەرلەردىدۇر؟» دەپ يىغلىنىدەك تولغىنىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خانىمانىمدىن جۇدا بولغان،
ئادىل شاھىم قايدادۇرسەن؟
غېرىبلىقتا گادا بولغان،
ئادىل شاھىم قايدادۇرسەن؟

مېنىڭ ئۈچۈن بولدۇڭ گادا،
ساڭا قىلسام جانىم پىدا.
كېچە - كۈندۈز سالدىم نىدا،
شەھسۋارىم قايدادۇرسەن؟

تەخت ئۈزرە دەۋران سۈرگەن،
مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتەنگەن.
دەردى ھالىم ئىچرە چۆككەن،
غەمگۇزارىم قايدادۇرسەن؟

كېچىلىرى بىدار بولغان،
ئاق سۈتىنى دىلغا سالغان.

بەك يامان بولدى مىنىڭ ئەھۋالىم،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

قۇدرىتىڭدىن يارالمىشتۇر كۆك ۋە يەر،
ھەققى ئۈچۈن ئەتكىن جىمى پەيغەمبەر.
قۇدرىتىڭدىن قىلدىلەر ئالەمدىن سەپەر،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

ئۈممەتلەرگە بېھىشتە پاناھى بولغان،
ھەققى ھۆرمىتى شۇ روسۇلى جاھان.
ئابابەكرى، ئۆمەر، ئېلى ھەم ئوسمان،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

قانغا تولدى بۇ دەمدە ئاجىزەڭ دىلى،
ئېلى ئىرۇر ئۈممەتلەرنىڭ ئەۋزىلى،
چىنى ماچىن شەھەرلەرنىڭ رەھبىرى
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

كەر بالادا ياتقان يەتمىش ئىككى شېھىت،
مەن بىر ئاجىز بەندەڭ، قىلما نا ئۈمىد،
كالامىڭ ھۆرمىتى قۇرئانى مەجىد،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

ساڭا چۈشەر دائىم غېرىب ئىگرىشى،
بەھەققى ئاشىقلارنىڭ كېسىلگەن بېشى،
بەھەققى يېتىملارنىڭ قانلىق كۆز يېشى،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

ئەمدى گەپنى پادىشاھ ئادىلخاننىڭ مەلىكىسى گۈلچېھرە-خاندىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ ئادىلخان ئىككى شاھزادىسى بىلەن مەلىكىسىنى ئېلىپ بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە، شام شەھىرىدىن چىققان سودىگەرلەرنىڭ سەردارى تۇججار بەھمەن پادىشاھ ئادىلخاننى ئالداپ مەلىكە گۈلچېھرەنى ئېلىپ قاچقانىدى. بۇ سودىگەرلەر-نىڭ سەردارى — ئادەم قاراقچىسى غۇلاملىرى بىلەن مەلىكىنى بىر چېدىرنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ نەپسى تاقىل-داپ مەلىكىگە قول سوزدى.

— ئەي نائىنساپ هاياسىز، —دېدى مەلىكە غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىپ، — سەن مېنى بۇ يەرگە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ ئېلىپ كەلدىڭ. سېنىڭ مەقسىتىڭ ئەسلى مۇنداقكەن-دە. سەن بۇ ھارام ئىشىڭ قىيامەت كۈنى سورىقى بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن، خۇدادىن قورقمامسەن؟!

ئەمما بۇ سۆزلەرگە ئۇل ھاياسىز پەرۋا قىلمىدى. مەلى-كە ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

— خىيالىڭ شۇنداق بولسا مەيلىڭچە بولسۇن. ئەمما مەن ھازىر بى تاھارەتمەن. ماڭا بىر قاچا سۇ بەرگىن، ئۆزۈمنى پاك قىلغاندىن كېيىن نېمە دېسەڭ قوبۇل قىلاي، —دېدى. ئۇنىڭغا بىر قاچا سۇ بەردى. مەلىكە پاك تاھارەت بولۇپ بېشىنى سەجدىگە قويۇپ يىغلاپ خۇداغا دەردىنى بايان ئەيلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

دۇنيانى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
مېنى بۇ ئارىدا قويما ئىلاھىم.

خۇدايا بۇ ئاچچىق ئەلەملەرنى توس،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈك خارۇ-زار.

يۈرىكىم يېرىلاي دېدى باغرىم چاك،
ساقلىغىن دۇنيادا مېنى ئۆزۈك پاك.
نامەھرەم بولغۇچە بولۇپ كېتەي خاك،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈك خارۇ-زار.

پەريادلار كۆتۈرۈپ قىلدىم ئەرزىيەت،
مېنىڭ بۇ بىچارە ئەھۋالىمغا يەت.
ھېچ مەزلۇم كۆرمىسۇن بۇنداق قايغۇ-دەردە
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈك خارۇ-زار.

مەلىكە مۇناجات قىلىپ «تۇۋا، ئالتۇن دىيارىم نەلەردە قالدى، ھەشمەتلىك ئۆي ئايۋانلىرىمنى نائەھلى پەسلەر ئالدى، تاجۇ-تەخت، سەلتەنەت ئىپلاس ئاياغ ئاستىدا خارلاندى. مەن مېھرىبان مۇرەببىمدىن، ئامراق بالىلىرىمدىن ئايرىلدىم. پېشانەمنىڭ شورلۇقىدىن بىر قاراقچى مەككارغا گىرىپتار بولدۇم. ئەي شەپقەتلىك تەڭرىم، مېنى بۇ ئازابلاردىن خالاس قىلغايسەن» دەپ يىغلاپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى.

ئەلقىسسە: شۇ سائەتتە تۇججار بەھمەننىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا باردى. ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆردىكىم، ئاسمان تەرەپتىن بىر ئالتۇن تەخت كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تۇرارمىش، ئۇنىڭ قېشىدا چارىيارلار، بۇۋى پاتىمە، زۆھرە ۋە نەچچە مىڭ مالائىكىلەر تۇرارمىش. ئۇ روسۇلۇللاغا سالام بېرەرمىش. پاتىمە مالائىكىلارغا قاراپ:

ئاشىقلارنىڭ سەرۋىرى يۈسۈپ - زىلەيخا،
مەزلۇملارنىڭ پىرىدۇر پاتىمە - زۆھرە.
بەھەققى ھۆرمىتى خىدىچە كوبرا،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

ئاشۇ ئىككى بەندەڭكى ئادەممۇ ھەۋۋا،
جەننەتنى ئۇلارغا ئەيلىدىڭ ئاتا.
ئۇلارغا زېمىننى بەردىڭ ھەم يانا،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

مېنى دەردۇ - ئەلەمدىن قىلغايسەن نىجات،
بىچارە قۇلۇڭ مەن قىلدىم مۇناجات
ئەلەملەر چىرمىدى باغرىمنى قات - قات،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

قاراقچى دەرد سالدى ئىشلىتىپ ھىيلە،
ئايرىلدىم مەھەللىسىز پەرزەنتىم بىلە
مۇرەببىم ئادىلخان باغرى قان - زىندە،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

تار كەلدى جېنىمغا بۇ كەڭرى جاھان،
دەرد كەلمەس ئادەمگە بۇنىڭدىن يامان.
يىقىلدى بېشىمغا يەتتە قات ئاسمان،
مېنى قىلما بۇ يەردە ئۆزۈڭ خارۇ - زار.

ئاھ قانداق قىلارمەن تەقدىرگە ئەپسۇس،
ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەلدۇر خورلانسا نومۇس،

خاتالىقىم تولادۇر، تاغدىنمۇ يوغان،
گۇناھىمدىن تووۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

بۇ گۇناھكار بەندە چۈشىدە ئاشۇنداق گۇناھىنى تىلەپ يىغلاپ پەرياد سالدى. شۇ چاغ مالائىك ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرغانىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى قاپقارا بولدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ:
— ئەي بەتبەخ، مېنىڭ خاس ئۈممىتىمنىڭ روزىغارىنى — ھالال جۈپتىنى مىكرى-ھىيلە بىلەن ئەسىر قىلىپ، ناپاك كۆزۈڭ بىلەن قاراپ گۇناھ قىلدىڭ. ئەمدى بۇ بىچارە نامەھرەمگە كۆز سالساڭ، ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ ۋە ۋاقتىدا ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭ، مېنىڭ سېنىڭدەك ئۈممىتىم يوق. خۇدايىتائالا ھەم سېنىڭدىن قاتتىق بىزار بولغاي، قىيامەت كۈنى دوزاختا ئەسىر بولغايسەن. بېرى كەل،— دېدى. ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېقىن باردى. پەيغەمبىرىم ئۇنىڭ يۈزىنى بىر سىيلىغانىدى، يۈزلىرى قايتا ئاقاردى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە تېمىلەرىندۇر ئويلاپ بولغۇچە ئۇلار غايىب بولدى. بۇ ئاسىي گۇناھكار شۇ چاغ ئويقۇسىدىن سىلكىنىپ ئويغاندى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا مەلىكە يۈزىنى سەجدىگە يېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇججار بەھمەن دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ مەلىكىنىڭ قېشىغا باردى— دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى ۋە:
— ئەي مەلىكەم، سەن مېنىڭ سىڭلىمسەن. مەن بەتنىيەتلىك قىلدىم، خاتا قىلدىم. كەچۈرگەيسەن،— دېدى.
ئاندىن مەلىكىنى باشلاپ شاھ ئادىلخان ئولتۇرغان يەرگە باردى. ئەمما بۇ يەردە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. پادىشاھ ئادىلخان ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ بۇ يەردىن ئاللىقا-

— بۇ ھارامخور نائىنساپنىڭ دوزاخقا سېلىنغانلىرى — دەپ
ئەمرى قىلارمىش. بۇ تۇججار بەھمەن ئۆزىنىڭ دوزاخقا
بۇيرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ زار-زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى
ئوقارمىش:

ئاجىزلارنىڭ پاناھى روسۇلى خۇدا،
گۇناھىمدىن تووۋا قىلاي مەقبۇل ئەيلىگىن.
قىلغان ئىشىم بارچىسى بولدىلەر خاتا،
گۇناھىمدىن تووۋا قىلاي مەقبۇل ئەيلىگىن.

كىرىپ شەيتان كەينىگە قىلدىم گۇناھلىق،
بەتبەختلەرچە قىلمىشىم دوزاخقا لايىق.
مېنى قىلغىن بۇ دەمدە رەھمەتكە تالىق
گۇناھىمدىن تووۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

بەھەققى ئابابەكرى، ئۆمەر ھەم ئوسمان،
پاتىمە بىلەن ئىلى شىرى مەردان.
پەيدا بولسۇن جېنىم بۇ پانىي جاھان،
گۇناھىمدىن تووۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

بەھەققى ئەرشى، كۇرسى ھەم لەۋھىل قەلەم،
دەرگاھىڭغا ئېسىلدىم تووۋا قىلىپ ھەم،
ھەق دەرگاھىدا بولدى تۆۋىنىڭ نالەم،
گۇناھىمدىن تووۋا قىلاي، مەقبۇل ئەيلىگىن.

يولۇڭلاردا بۇ جېنىم بولغۇسى قۇربان،
ماڭا رەھىم ئەيلىگىن بۇ ئىككى جاھان.

بايان ئەيلە ئەھۋالىڭ مەن غېرىب قۇلغا،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

يېگەن ـ ئىچكىنىم زەھەر زوققۇمدۇر،
ئولتۇرۇپ قوپقىنىم دەردۇ ـ ئەلەمدۇر،
بۇ پانىي جاھاندا كۆزلىرىم نەمدۇر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

كۈنسېرى ھالىم بولدىلار بەتتەر،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ياشىم تۆكۈلەر،
جۇدالىق پۇرقىتى باغرىمنى ئۆرتەر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

ئورۇن تۇتۇپسەن كېلىپ شەھرىمىدىن،
كەلگىنىڭگە جېنىمنى پىدا ئەيلەيىن.
رەقىبلەر ئىلكىدىن جۇدا ئەيلەيىن،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

يولۇڭدا قىلاي جېنىمنى قۇربان،
پىدا بولسۇن ساڭا بۇ پانىي جاھان،
تەڭرىم ئەيلىسۇن مۇشكۈلۈڭ ئاسان،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

قولۇڭدىن كەتسە كەلمەيدۇ پۇرسەت،
ئەۋزەل ياخشىغا بولماقلىق ئۈلپەت،
قولدىن كەتتىمۇ قىلسەن ھەسرەت،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

چان كېتىپ قالغانىدى. ئۇلار پادىشاھنى تاپالماي ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا قايتىپ كەلدى. بۇ سودىگەرلەر باشلىقى ئايرىم بىر چېدىر تەييارلاپ ئىچىگە تاھارەتخانا، ئىستىراھەتخانا ھازىر قىلدى. پەردىلەر تارتىپ، ئەۋرىشىم يىپلار بىلەن چىگدى. مەلىكىنى ئىنس-جىنغا كۆرسەتمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ جامالىنى ئاي بىلەن كۈنمۇ كۆرمىدى. بۇ ئادەم بەش يۈز نەپەر چاكار سودىگەرنى باشلاپ شەھەرمۇ-شەھەر، يۇرتمۇ-يۇرت ئارىلاپ پادىشاھ ئادىلخاننى ئىزدىدى. ئىزدە-ئىزدە ئارىدىن ئون تۆت يىل ئۆتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ قەدىمى دىيارى بەكرى شەھىرىگە يەتتى. بەش يۈز سودىگەر شەھەرنىڭ تاشقىرىسىغا چۈشۈپ ئات-ئۇلاغلىرىنى جايلاشتۇردى. تۇججار بەھەمەن بولسا پادىشاھقا ئاتىغان پەشكەشلىرىنى ئېلىپ ئىككى غۇلامى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. يۈكۈنۈپ تۇرۇپ پەشكەشلىرىنى پادىشاھقا سۇندى ۋە:

— بىز بەش يۈز سودىگەر ئىدۇق. بۇ شەھەرگە چۈشتۇق. ئەتە ئامال قىلىپ زاكاتنى ئېلىپ بەرسىلە،—دېدى.

پادىشاھ ئۇلارغا خۇشال نەزەر بىلەن قاراپ بۇلار ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئوخشايدۇ، ئۇلار بىلەن بىر كېچە ئولپەت تۈزۈپ كۆڭلۈمنى خۇشال قىلاي، دەپ ئويلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سۆزۈمنى ئېشىتكىل ساھىبى تۇججار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟
كۆڭلۈم غەملىرىنى ئەيلەيىن ئىزھار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

چىمەندە قۇشلار يىغلىشار گۈلگە،
مۇنتەرىزدۇر گۈل خۇشناۋا بۇلبۇلغا.

— مانا بۇ ئامانەت قويۇلغان جاي، ياخشى ساقلىغايسىلەر،—دەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەلقىسسە: پادىشاھ ئۇ كىچىسى سودىگەرلەرنىڭ باشلىقىنى ياخشى تائام ۋە غىزالار بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرىگە بايان قىلىشىپ ئولتۇردى. ئەمما پادىشاھ ئادىلخاننىڭ ئۆزىنىڭ روزىغارىدىن، بالا-چاقىلىرىدىن ئايرىلغانلىقى ھەققىدە گەپ قىلمىدى. شۇنىڭدەك سودىگەرمۇ ئامانەتنىڭ نېمە ئامانەت ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ بىر ئادەمنىڭ مەلىكىسىنى ئالداپ ئېلىپ قېچىپ، كېيىن تووۋا قىلىپ ئۇن تۆت يىلدىن بېرى ئىگىسىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى بۇ ئىككى غۇلامدىن سۆز ئىشىتمەك كېرەك: غۇلامزادە غۇلام خۇدابەردى بىلەن پاراڭلىشىپ كېچە ئۇخلىمىدى. غۇلامزادە مۇنداق دېدى:

— ئەي دوستۇم خۇدابەردى، بۇ كېچە بۇ يەردە ئويغاق ئولتۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپايلى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى بايان قىلىپ تاڭ ئاتقۇزايلى. بولمىسا ئۇخلاپ قېلىشىمىز، ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالغاندا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. دوستۇم، مەن پادىشاھقا سېتىلغىلى بىر يىل بولدى. ساڭا ئالتە ئاي بولدى. كۈندۈزلىرى پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولدۇق. كېچىلىرى ئۆز ھالىمىز بىلەن دەردىمىزگە ئاھ تارتىپ بىر-بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىدۇق. بىر-بىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمەيمىز. بۈگۈن كېچە پادىشاھ بىزنى ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالمىسۇن، دەپ پاسىبانلىققا ئەۋەتتى. بۇ چې-

قۇرايلى سۆھبەت بولۇشۇپ كۆڭ - مۆڭ،
بولاي بۇ كېچە چاكىرىڭ - قۇلۇڭ.
بىلەي سوئرى تاڭ قاياقچا يولۇڭ،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي؟

قۇلاق سېلىپ ئىشىت بۇ قۇل دادىنى،
سەندىن ئىزدەرمەن ئۇ كۆڭۈللەر شادىنى،
ئادىلخان بىلەن كۆتكىن ئەتىنى،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

تۇجار بەھمەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئىلتىپاتىڭىزغا مىڭ رەھمەت. سىزنىڭ قېشىڭىزدا قونسام ناھايىتى ياخشى بولاتتى. ئەمما مەندە كىشىنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. مۇبادا بىر كېلىشمەسلىك بولۇپ ئامانەتكە خىيانەت بولۇنسا، تاڭلا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. شۇڭا گۇناھىمنى كەچۈرۈپ قايتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز.

— خاتىرجەم بولغىن مېھمىنىم، ئامانەتكە خىيانەت بولمىغاي، خىيانەت قىلمايدىغان كىشىنى مەن ئامانىتىڭنى ساقلاشقا ئەۋەتەي، خىيانەت بولۇپ قالسا جاۋابىنى مەندىن ئالغىن، — دېدى پادىشاھ ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى غۇلامىنى يەنى شاھ پەررۇخ بىلەن شاھ جەمشىدنى يېنىغا چاقىرتقۇزۇپ:

— سىلەر بۇ كىشىنىڭ ئامانىتىنى ساقلايسىلەر، ھوشيار بولۇڭلار. ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالمىسۇن، — دەپ ئۇلارنى سودىگەرنىڭ غۇلاملىرىغا قوشۇپ يولغا سالدى. سودىگەرنىڭ غۇلاملىرى بۇ ئىككى پادىشاھ غۇلاملىرىنى باشلاپ چېدىرغا كەلدى. ئۇلار چېدىرنى كۆرسىتىپ:

پايتەختىم ئۇل يەمەندە،
ئاتام ئىدى خوپ خۇرسەندە،
بۇلبۇل سايرار گۈل چىمەندە،
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم.

گېلىپ بىر چاغ شۇم قەلەندەر،
ھەق ئاللا، ھەق روسۇلىللا دەر،
يۈرىكىدە ئوغا زەھەر،
سۆزۈم ئاڭلا جېنىم دوستۇم.

قىرىق كۈنلۈك تاج ئىلىدى،
ئاتام ئاڭا تاج بەردى،
شەھەردىن بىزنى چىقاردى،
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم.

كۈندىن ـ كۈنگە بوپ دىل يارا،
چۈشتى بىزگە قىسمەت خاتا،
قىلدى بىزگە ئالەم جاپا،
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم.

ئات ـ ئۇزۇقنى ئوغرى ئالدى،
ئاتام بىزنى ھەم قاچۇردى،
ئاپەت بىزگە خەۋەر بەردى،
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم.

ئاتام ئىدى سەپەردىشىم،
ئانام ئىدى جان يولدىشىم،

دىردا ئالتۇن - كۈمۈش بارمىكىن ياكى باشقا مال دۇنيا بار-مىكىن، ئىشقىلىپ بىز ياخشى ساقلىساق بولىدى. كېچە مۇشۇ ۋاقىت بولغۇچە ئۇخلىماي ئوبدان ساقلاپ ئولتۇردۇق. بارچە تۇجارلار ئۇخلاپ قالدى. تۇن يېرىمىلىشىپتۇ، ئويغاق ئولتۇرايلى.

ئەلقىسسە: بۇ گەپ - سۆزلەر چېدىرنىڭ ئىچىدىكى مە-لىكىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. مەلىكە ئىشىكنىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

غۇلامزادىنىڭ مەسلىھەتى خۇدابەردىگە ياقتى. ئۇ مۇڭ-داق دېدى:

— ئاداش، مەن بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىم-نى بايان قىلسام دىلىم كۆيىدۇ، جېنىم قاقشايدۇ. مېنىڭ بۇ بايانلىرىمدىن پەلەك تىترەپ، زېمىن تىترەيدۇ. دەريالار غەليان كۆتۈرىدۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى-نى بايان قىل.

— ئەي جېنىم ئاداش، مېنىڭ دەردۇ-ئەھۋالىمنى ئاڭ-لاشقا سەن ئاجىزلىق قىلىسەن. ئەگەر ئاڭلىساڭ تاقەت قىلال-مايسەن،— دېدى غۇلامزادە ئۇھ تارتىپ،— ئەڭ ياخشىسى سې-نىڭ كەچۈرمىشىڭنى ئاڭلايلى.

خۇدابەردى بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئېسىگە ئېلىپ جىگەر - باغرى ئېزىلىپ، غۇلامزادىگە قاراپ بۇقۇلداپ يىغ-لاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

بايان قىلسام ئەھۋالىمنى،
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم.
ساڭا ئېيتاي بار دەردىمنى،
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم.

تەڭرىم ماڭا رەھىم قىلسۇ،
بېلىق قارنىدىن مېنى ئېلىپ،
يىلاقچىغا قىلدى نېسىپ،
سۆزۈم ئىشىت جېنىم دوستۇم.

ساق ئون تۆت يىل قىلدىم خىزمەت،
يۈزۈمنى ئاي قىلدى مېھنەت،
تەڭكۈزمىدىم زەررە مىننەت،
سۆزۈم ئىشىت جېنىم دوستۇم.

ئۇلار ماڭا ئامراق ئىدى،
ئۆز كۆڭلىدە بالام دېدى،
بەردى ماڭا، نېمە يېدى،
سۆزۈم ئىشىت جېنىم دوستۇم.

يەتتى ئاڭا ئاھ قېرىلىق،
قات ـ قات باستى قەرزدارلىق،
سايە سالدى كېلىپ خارلىق،
سۆزۈم ئىشىت جېنىم دوستۇم.

ئۇلار مېنى ساتماق بولدى،
كۆڭلى مەندەك غەمگە تولدى.
ساتماي دېسە قۇرۇق قولدى،
سۆزۈم ئىشىت جېنىم دوستۇم.

مەن ئۇلاردىن ئاھ، ئايرىلىپ،
سۇندى قانات ـ پەر قايرىلىپ.

شاھ پەررۇخۇم قېرىندىشىم،
سۆزۈم ئۈشت جېنىم دوستۇم.

بىلمەس يەرگە قالدۇق كېلىپ،
ئارقىمىزغا ئوغرى يېتىپ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش قولدىن كېتىپ،
سۆزۈم ئۈشت جېنىم دوستۇم.

ئاندىن قېچىپ يوللار يۈرۈپ،
باياۋاندا ئايلاپ مېڭىپ،
قارا تاغقا كەلدۇق چۈشۈپ،
سۆزۈم ئۈشت جېنىم دوستۇم.

ئوغرى قولىدا ئانام قالدى
مەن يېتىمنى غەمگە سالدى،
خۇشاللىقىم ئاندا قالدى،
سۆزۈم ئۈشت جېنىم دوستۇم.

شاھ پەررۇخنى ئوغرى ئالدى،
دەريا ئىچرە ئاتام قالدى،
بىلەلمىدىم، نېمە بولدى،
سۆزۈم ئۈشت جېنىم دوستۇم.

مېنى دەريا سۈردى، ئاقتىم،
ھەر تەرەپكە يىغلاپ باقتىم،
ئاخىر ئاجىز بولۇپ ياتتىم،
سۆزۈم ئۈشت جېنىم دوستۇم.

— ئەي جانجىگەر باللىرىم، يۈرىكىمنىڭ پارىلىرى، مېنىڭ ئىككى كۆزۈمنىڭ گۆھەرلىرى. سىلەر ئۈن تۆت يىل مەندىن ئايرىلىپ، مەن سىلەردىن ئايرىلىپ ياشىدۇق. جاھانىنىڭ تارلىقىدىن جۇدا بولۇپ سىلەرنىڭ پىراقىڭلاردا ھەيران ۋە سەرگەردان بولغان بىچارە گۈلچېھرە ئاناڭلار مەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دەرد-ئەلەمدە خانىماندىن ئايرىلغان،
ۋاپادار ئاناڭلار ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟
پەرزەنتىم ئىشقىدا يۈرەكلىرىم قان،
گۈلچېھرەم ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟!

باللىرىم، دەپ ئاھ ئۇرۇپ قانلار يىغلاپ،
سىلەر ئۈچۈن ئىلاجىم يوق يۈرەك داغلاپ،
ئارمانىم يوق ئەمدى ئۆلسەم جېنىم قىيناپ،
ۋاپادار ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

توقۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرگەن،
تۈن-سەھەر ئۇخلىماي ئاق سۈتنى بەرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كامالغا يەتكۈزگەن،
مېھرىبان ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟!

نە بولدى ئاجايىپ بەختىم قارادۇر،
سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ باغرىم يارادۇر،
ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ بارادۇر،
غەمخانە ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

كەتكەم شاھقا مەن سېتىلىپ،
سۆزۈم ئېشىت جېنىم دوستۇم.

غۇلام بولدۇم مەن ئون تۆت يىل،
ئالتاي بولدى بۇندا سىجىل،
خالاس بولماي غەمدىن ئاي، يىل،
سۆزۈم ئېشىت جېنىم دوستۇم.

شاھ جەمشىد دەر بۇ ئاتىمنى،
كىشى بىلمەس پاك زاتىمنى
ساڭا ئېيتتىم ئەھۋالىمنى،
سۆزۈم ئېشىت جېنىم دوستۇم.

بۇنەزمنى ئاڭلىغان شاھپەررۇخ ھېچبىر تاقەت قىلالماي؛

— ئەي قېرىنداشىم، سۆيۈملۈك ئۇكام شاھ جەمشىد، سېنىڭ ئىزدىگەن ئاكاڭ شاھ پەررۇخ مەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلىدى. ئۆزىنى خۇدابەردى دەپ ئاتىۋالغان شاھ جەمشىد:

— ئاھ ۋاپادار ئاكا، بۇ سەنمۇ شاھ پەررۇخۇم سەنمۇ؟— دەپ ئۇنى قۇچاقلىدى. ئۇلار باغاشلىشىپ، مەڭزىنى - مەڭزىگە يېقىشىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىشىپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى.

تاشقىرىدا بولۇۋاتقان بۇ گەپ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ياقىسىنى چىشلەپ بۇلار مېنىڭ ئون تۆت يىل جۇدا بولغان پەرزەنتلىرىم ئەمەسمۇ؟— دەپ ئويلاپ چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىپ ئىچىگە چىقتى. پەرزەنتلىرىنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ بورانلىق يامغۇردەك يىغلاپ، ئۇلارنى چېدىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى ۋە ئۇلارغا قاراپ:

ئىچىدە ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۇ كېچە مەلىكە نامەھرەمگە بويۇن سۇنۇپتۇ. ئادەم ئايال كىشىگىمۇ ئىشىنەمدۇ - ھە! بۇ مەلىكە، مېنىمۇ، ئۆزىنىمۇ دوزاختا سالىدىغان بولدى» دەپ پەرياد كۆتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ كاچاتلىرىغا ئۆزى ئۇرۇپ، باغ-رىنى تاتىلاپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ چاپتى. ئۇ پادى-شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— داد، پادىشاھى ئالەم، داد، ئىككى غۇلامىڭىزنىڭ دەستىدىن داد! — دېدى. پادىشاھ گاڭگىرىغان ھالدا:

— ئەي دوستۇم، ئېيتىڭا زادى نېمە ۋەقە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ۋاي رەھنامايى ئالەم، — دېدى ئۇ پەريادىنى باسالمىغان ھالدا، — مەن ئېيتمىغانىمدىم. مەن بۇ يەردە قونماي، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئامانىتىم بار، ئۇنى تاش-لاپ ھېچ يەرگە بارالمايمەن. ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا، دوزىخى بولۇپ كېتىمەن دېسەم، جانابلىرى مەن ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇدەك ئادەم چىقتىراي، دەپ ئىككى ئاچ بۆرىنى — خوتۇنىزلىقتا قاغجىراپ، ئېچىرقاپ كەتكەن ئىككى غۇلامنى بەرگەن ئىكەنلا، ئۇلار ئامانەتنى ساقلىماقتا يوق، ئامانەتكە ئۆزلىرى خىيانەت قىپتۇ ئەمەسمۇ؟!

ئۇ پادىشاھقا قاراپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۆز - ئۆزۈمگە دەردلەر سېلىپ،
جان - جېنىمنى يارا قىلدىم،
تاغدىن ئېغىر گۇناھ قىلىپ،
يۈزلىرىمنى قارا قىلدىم.

ئەزىز جانغا جاپا قىلىپ،
مەن يېتىمنى غەمگە سېلىپ،

سىلەر ئۇچۇن خۇدايىمغا يالۋۇرۇپ،
گۈلدەك يۈزۈم زەپىرانىدەك سارغىيىپ.
پىراق دەردى بىلەن بولۇپ كۆپ غېرىپ،
شۇ ئىزدىگەن ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

گۈلچېھرە مەن، بالام ئىشىت دادىمنى،
ھېچكىم بىلمەس ئىدى مېنىڭ ھالىمنى،
سىلەر ئۈچۈن بېرەي غېرىب جانىمنى،
غەمگە تولغان ئاناڭلار، ئاھ، مەن ئەمەسمۇ؟

مەلىكە بالىلىرىنىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە يۈزىنى يېقىپ يىغلىدى. بالىلارمۇ ئانىسىنىڭ بويىنىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ دەردى ھالىنى تۆكۈپ يىغلاشتى. ئەمما بۇ ئىشلاردىن تۆتىنچى بىر كىشى خەۋەرسىز ئىدى. چۈنكى بۇ بەش يۈز سودىگەرنىڭ ھېچبىرسى بۇ چېدىردا غوجامىنىڭ خاس ئامانىتى بار، دەپ بۇ يەرگە يېقىن يولىمايتتى. مەلىكە بىلەن ئىككى شاھزادە بىر-بىرىگە قانماي قۇچاقلىشاتتى. يىغلىشاتتى، مۇڭدىشاتتى. ئاخىر ئاپتاپ چاقناپ قۇياش تاغلارنىڭ كەينىدىن باش چىقاردى. شۇ چاغدا تۇججار بەھمەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ قارار گاھىغا قايتىپ كەلدى. چېدىرنىڭ قېشىغا كېلىپ چېدىرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ پارە-پارە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى. كۆردىكى، مەلىكىنىڭ بويىنىغا ئىككى غۇلام قوللىرىنى سېلىپ ئۈنى مەھكەم قۇچاقلىغان ھالدا بىھوش بولۇپ يېتىپتۇ. بۇ ئۈچ بىھوشنىڭ بۇنداق ئىرماش-چىرماش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سودىگەر «ۋادەرىخا، ۋاي ئىست، ئون تۆت يىلنىڭ مابەينىدە بۇ مەلىكىنى پەردە

ئالدىراپ چىقىپ، سودىگەرنىڭ تۇرارگاھىغا باردى. قارىسا ئىككى غۇلام بىر ئايالغا چىرمىشىپ بىھوش يېتىپتۇ. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ئىشنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ ۋارقىرىدى.

— جاللات!

شۇ ھامان ئوڭ تەرەپتىن توققۇز جاللات، سول تەرەپتىن توققۇز جاللات قىلىچلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى پەيدا بولدى. ئۇلار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۇلۇغ سۇلتانى بەكرىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى پۈزۈن بولسۇن، تىغلىرىمىز تەييار، قايسى گۇناھكارنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتىكىن؟ پادىشاھىمىزدىن پەرمان بولسا ئۇنىڭ جان رىشتىسىنى ئۈزۈپ، لەھەتكە يوللىغايمىز، — دېيىشتى.

پادىشاھ غەزەپتىن تىترەپ:

غۇلامزادە بىلەن خۇدابەردىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، باشلىرىنى ئالدىمغا كەلتۈر، — دەپ پەرمان بەردى. تۆت جاللات دەرھال ئوردىدىن چىقىپ چېدىرغا باردى ۋە چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ مەلىكە گۈلچېھرەخانىنىڭ قۇچىقىدىن شاھزادە پەررۇخ بىلەن شاھزادە جەمشىدنى تارتىۋېلىپ، پادىشاھنىڭ پەرمانى، دەپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى — دە، ئىككى باشنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

مەلىكە گۈلچېھرەخان جاللاتلارنىڭ گەپ-سۆز قىلماي ئىككى ئوغلىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن پەرياد ئۇرۇپ يىقىلىپ كېتەي، دېدى. ئۇنىڭغا يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولدى. كۆزلىرىگە زۇلمەت تىقىلدى. نەچچە ھوشىدىن كېتىپ، نەچچە ھوشىغا كەلدى. چاچلىرىنى يۇلۇپ، كۆزلىرىگە توپا تۇپراق چاچتى. يىغلىلىپ، قوپۇپ ئوغۇللىرىنىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئوردا دەرۋازىسىدا ۋە ئوردا ئىچىدە ئۇنى تۇججار

دوزاخ ئىچرە ماكان قىلىپ،
ئىمانىمدىن جۇدا قىلدىم.

مەن ئېيتىمەن ئەي سۇلتانىم،
چىقىپ كەتسۇن تەندىن جانىم،
خەنجەر ئۇرۇپ تۆككىن قانىم،
كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىم.

ئېچۈك بولار پېقىر ھالى،
بوغار ئەمدى گۆر ئازابى،
قۇتۇلماقنىڭ يوق ئامالى،
خاتا قىلدىم، خاتا قىلدىم.

چۆللەر كەزدىم ساق ئون تۆت يىل،
يۈردۈم تىنماي مەنزىل ـ مەنزىل،
ئامانەتكە تەگمىگەن قىل،
ئەجەب يامان گۇناھ قىلدىم.

نەگە كەتتى تارتقان جاپام،
بارچە ئەجرىم بولدى ھارام،
دارغا لايىق ئىككى غۇلام،
مەن ئۆزۈمگە جازا قىلدىم.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ دادىمنى سورىغىن، — دەپ چۇقان كۆتۈردى بەھمەن.

پادىشاھ دەرھال ۋەزىرلەرنى چاقىرتىپ، ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ۋەزىرلەر ئوردىدىن

راۋا بولاي خەنجەرگە جىنىمدىن كېچىپ،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

توققۇز ئاي توققۇزكۈن كۆتۈردۇم ئۇنى،
تۈن، سەھەرلەر ئۇخلىماي بەردىم سۈتۈمنى،
نە گۇناھقا ئۆلتۈردۈڭ ئىككى ئوغلۇمنى،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

رەھىم قىلىپ قاراپ باققىن ھالىمغا،
قويما مېنى دۇنيا دېگەن زالىمغا،
رازىدۇرمەن، تىغ بويىساڭ قېنىمغا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

گۈلچېھرەمەن دائىم ئاقار كۆز يېشىم،
پەرزەنتلىرىم ئىدى مۇڭلۇق سىرداشىم،
ئاھ، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئىدى يولداشىم،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

بىز ياشىدۇق ئون تۆت يىل ئاچچىق ھىجراندا،
دىدار ۋەسلى ئىزدىشىپ ئۆتتۇق ئارماندا،
تەقدىر بىزنى ئۇتقۇزدى پەيلى يامانغا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

قان ياش تولغان دەريادۇر مېنىڭ بۇ ئۆمرىم،
بالىلىرىمنى بىر كۆرۈش ئىدى ئۈمىدىم،
ئاھ، پەررۇخۇم - يۈرىكىم، باغرىم جەمشىدىم،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

بەھمەننىڭ خاس ئادىمى بولسا كېرەك، دەپ ھېچكىم توسمىدى. ئۇ شۇنداق يىغلاپ - قاقشاپ پادىشاھ ئادىلخاننىڭ قېشىغا كىردى ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا تاشلانغان ئىككى باشنى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغانىدىم بالىلىرىم، ئانا مېھرىگە، ئانا چېھرىگە قانمىغان، ئانا ھىجرىدە كۆيگەن بالىلىرىم، نېمە گۇناھ قىلغانىدىڭلار بالىلىرىم؟ بۇ رەھىمسىز جاللات پادىشاھ بېشىڭلارنى كەستى بالىلىرىم، — دەپ يىغلىدى ھەمدە پادىشاھقا قاراپ خۇن جىگىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئون تۆت يىل ئىچىدە مەن بولدۇم گادا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.
پەرزەنتلىرىم ھىجرىگە بولدۇم مۇپتىلا،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

مەن بىلمىدىم، ئەجەب بەختىم قارادۇر،
پەرزەنتلىرىم ھىجرىدە باغرىم يارادۇر.
رازىدۇرمەن، بېشىمنى كەسسەڭ راۋادۇر،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

پەرزەنتلىرىم بېشىنى جاللاتلار ئالدى،
ئەزىز تېنى سارغىيىپ تۇپراقتا قالدى.
قىزىل گۈلدەك يۈزلىرى قانغا بويالدى،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

ئاھۇ - زار قىلىم، خانىماندىن مەن كېچىپ،
ھەسرەت بىلەن تۇپراقنى بېشىمغا چېچىپ،

تەنلەرنى قوينىغا ئېلىپ زار-زار يىغلاپ، ھەلىكىنىڭ بويى-
نىدىن قۇچاقلاپ جىگىرىدىن خۇن ئاققۇزۇپ پەرياد ئىچىدە
بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نە ئىلاج قىلاي مەن ئەي شاھزادىلەر،
قىزىل يۈزۈمنى سولدۇرغان جاھان ئەمەسمۇ؟
ئۆز تېنىمدىن تۆرەلگەن جان شاھزادىلەر،
يارا باغرىڭ قان قىلغان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟!

بىر تىغ بىلەن ئۆزۈمنى بەربات ئەيلىسەم،
ياقام يىرتىپ دەرد چېكىپ پەرياد ئەيلىسەم،
غەملىك قۇلمەن كۆڭلۈمنى ناشاد ئەيلىسەم،
مېنىڭ جېنىم سىلەرگە قۇربان ئەمەسمۇ؟!

پېشانەمگە شۇنداق قىسمەت پۈتۈلدى،
ئايرىلماقلىق دەردى باغرىم ئېزىلدى،
ھەسرىتىدە ئاھ ئۇرۇپ يۈرەك يېرىلدى،
قانلار يىغلاپ قىينالغان بۇ جان ئەمەسمۇ؟!

ئارمان بىلەن يىغلىسام مەن خۇدايىمغا،
يەر بىلەن كۆك يىغلىشار ئاھ-پەريادىمغا،
تونۇتمىدى بالىنى ئۆز ئاتاسىغا،
جامالىغا تويمىغان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟!

غېرىپ بولدى ئاجايىپ مېنىڭ بۇ بېشىم،
غەمگۇزارىم، روزىغارىم، يولدىشىم.

تېخى ئاخشام يوقالغان كۆڭلۈمدىن پەرياد،
پەيدا بولدى بالىلىرىم قېشىمدا، ھەيھات،
گەپ - سۆز قىلماي، بېشىنى ئالدى شۇم جاللات،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

ھارام ماڭا دۇنيادا تىرىك يۈرمىكىم،
مىڭ ئەۋزەلدۇر ياشاشتىن ئەمدى ئۆلمىكىم،
ئۆلتۈر مېنى، ئۆلتۈرگىن، شۇدۇر تىلىكىم،
ئەي پادىشاھ، رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىن.

— ئەي پادىشاھ، ماڭا سېنىڭ شەپقىتىڭ لازىم ئەمەس، مېنىمۇ ئۆلتۈر! — دەپ مەلىكە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ:

— ئەي تۇجار بەھمەن بۇ زادى كىمنىڭ ئامانىتى ئىدى؟ بۇ مەزلۇم مېنىڭ غۇلاملىرىمنى ئوغلۇم دەۋاتىدىغۇ، بۇ ئەسلى نېمە ۋەقە دەپ سورىدى.

تۇجار بەھمەن بىلىدىغان ئىشلارنى بايان قىلدى.

پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەلىكىگە تىكىلىپ قارىدى - دە، ئۇنى تونۇدى. پادىشاھنىڭ بەدەن - بەدىنىگە لەرزە چۈشتى. چىرايى زەپىراندەك سارغايدى. پادىشاھ شەربەت ھازىر قىلىپ مەلىكىگە ئىچكۈزدى. مەلىكە ھوشىغا كەلدى. پادىشاھ ئادىلخان مەلىكىدىن كۆرگەن ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى سورىدى. مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلدى. پادىشاھ ئادىلخاندا سەۋر - تاقەت قالمىدى. تەختتىن چاچراپ قويۇپ بېشىدىن تاجىنى ئېلىپ يەرگە ئۇردى ۋە ئۆزىنى تەختتىن يەرگە تاشلىدى. شاھزادىلەرنىڭ تېنىنى كەلتۈرۈپ قانلىق

ئەمدى ئاتا - ئانىسىنىڭ جامالىغا قانمىغان كۆڭلى زېدە بالىلى-
رىمنى ئۆز قىلچىم بىلەن چاپتۇرۇپ مەڭگۈلۈك جۇدالىققا تاش-
لىغان خۇدايىم. ئەمدى مېنىڭمۇ جېنىمنى ئال! مېنى بالىلى-
رىم بىلەن مەڭگۈلۈك دۇنياغا سال! بۇ غەش ئەلەمكەش دۇن-
يانى ئېلىپ قال!

پادىشاھ ئادىلخان شاھزادىلەرنىڭ بېشى ئۈستىگە يىقى-
لىپ بىھوش بولدى. شۇ كۈنى دىيارى بەكرى شەھىرىنىڭ
ئىچىدە قىيامەت بولدى. ئاسمان - زېمىن نالە - زارلىققا تول-
دى. جىمىكى خالايىقلار يىغلىدى. ۋەزىر - ئەمىرلەر پادىشاھ-
نىڭ ھالىغا يىغلاپ يۈزلىرىنى توپا - تۇپراققا سۈردى. ۋەزىر-
لەر پادىشاھقا بەكمۇ ئىچىندى. پادىشاھنى يۆلەپ ھوشىغا
كەلتۈردى. ئۇلار دېدىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر
دېگەن گەپ بار. تەقدىرگە ھېچبىر چارە يوقتۇر، سەۋر قىلىڭ.
باغداد شەھىرىدە بىر ئۇلۇغ ئەۋلىيا بارمىش. بۇ ئىككى
شاھزادىنىڭ ئۆلۈكىنى باغداد شەھىرىگە ئېلىپ بارساق ئول
ئەۋلىيانىڭ رەھمى كېلىپ، خۇداغا دۇئا قىلسا، شاھزادىلەر-
نىڭ نەپىسى تېنىگە قايتىپ تىرىلسە ئەجەب ئەمەس. ئاڭلىشى-
مىزچە، ئۇ ئەۋلىيا ناھايىتى كارامەتلىك بولۇپ، دۇئاسى بەر-
ھەق ئىجابەت بولارمىش. بۇ سۆز بىلەن پادىشاھ ئادىلخان باغداد
شەھىرىگە قىلىنىدىغان سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى ھازىر قىلدۇردى
نەچچە يۈز تۆگىگە ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - مال يۈكلىدى. ئىككى
شاھزادىنى بىر چېدىرغا سالدى. پادىشاھ ئادىلخان مەلىكە گۈل-
چېھرەخاننى ھەمراھ قىلىپ تۇججاربەھمەن بىلەن باغداد شەھىرىگە
قاراپ راۋان بولدى. يولدا تۇججار بەھمەن يۈز غۇلامنى
ئازاد قىلدى. مال - دۇنيالىرىنى ھەزرىتى پىر ئۇستازلارنىڭ،
ئەۋلىيالارنىڭ ھەققىدە نەزىر قىلدى. نۇرغۇنلىغان مەنزىل-

بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەردىشىم،
سېنى ئىزدەپ يۈرگەن سۇلتان ئەمەسمۇ؟!

يىغلىدىم كۆپ، نەدە ئىككى بوتام دەپ،
يىغلىغانسەن سەنمۇ قايدا ئاتام دەپ،
ئويلاپتىمەن ياخشى چاكار، غۇلام دەپ،
يۈرىكىمدە تالاي پۇشمان ئەمەسمۇ؟!

مەن بۇيرۇدۇم باللىرىمنى ئۆلتۈرمىگە،
خەنجەر سالسام راۋا بولۇر كۆزۈمگە.
زۇلمەت كېلىپ چۈشتى قارا كۈنۈمگە،
ماڭا ئەلەم ئەمدى زىندان ئەمەسمۇ؟!

مەن يىغلىدىم بەختىم ئەجەب قارادۇر،
بۇ نېچۈك بىر ھەسرەت تولغان دۇنيادۇر؟
ئادىلخان دەر: ماڭا ئۆلۈم راۋادۇر،
يارا باغرىم لىپمۇ لىق قان ئەمەسمۇ؟!

ئەلقىسسە: پادىشاھ ئادىلخان ۋەزىرلىرىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ۋەزىرلىرىم، بۇ دۇنيا ئەمدى ماڭا زىندان. مەن ئەمدى بۇ دۇنيادا تىرىكچىلىك قىلالمايمەن. قېنى مېنى ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ دۇنيانىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىدىن بىراقلا قۇتۇ ـ لاي. مېنى باللىرىم بىلەن بىللە كۆمۈڭلار. مەن ئۇلار بىلەن بىللە ۋاپاسىز دۇنيادىن يوقىلاي. مەندىن رازى بولۇڭلار، مەن سىلەردىن رازىمەن. ئەي خۇدايا، بىرىسىدىن بېرى ماڭا ئون تۆت يىل دەردۇ ـ پىراقىدا كۆيگەن پەرزەنتلىرىمنى تونۇتمىدىڭ. دەرىخا!

بەھەققى ھۆرمىتى قۇدرەتلىك رەھمان،
ئادىلخاننىڭ زىندانى بۇ پانىي جاھان.
قۇلۇڭ بولاي مەن سېنىڭ، ئەي ئۇلۇغ ئىشان،
مەدەت بەرگىن، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

ھەزرىتى غەۋسىل ئەزەم پادىشاھ ئادىلخاننىڭ ئاھۇ-زار-لىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ۋە:

— ئۇ ئىككى ئۆلۈكنى ئېلىپ كىرىڭلار دەپ بۇيرۇدى.

ئىككىيلەن ئىككى شاھزادىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئەۋلىيا بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ئۆلۈككە قاراپ ئىشارەت قىلدى. شۇنداق بىر كارامەت يۈز بەردىكى، ئۆلۈك شاھزادىلەر شۇئان تىرىلىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئەۋلىياغا سالام بەردى. ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلاپ پۇتلىرىنى سۆي-دى. ئاندىن پادىشاھ بىلەن تۇججار بەھمەن ئەۋلىيانىڭ ئاياغ-لىرىغا يىقىلىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىغا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تەۋۋا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي بۇزرۇكۋارى ئالەم، بۇ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ ئاجايىپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، بۇ ياخشىلىقنى قانداقمۇ ياندۇرارمىز.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دېدى ئەۋلىيا غەۋسىل ئەزەم، — مېنىڭ بۇ كارامىتىم مەغرىپتىن - مەشرىققىچە بولغان بارچە بەندىلەرگە خاستۇر. دۇئايىم قىلىچتىن تېزدۇر. ئەگەر ھەر بىر بەندىنىڭ بېشىغا بالا يۈزلەنسە، مېنى سېغىنىپ ئىخلاس بىلەن دۇئا ئەيلەپ تەۋۋا قىلسا، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغايمەن.

پادىشاھ ئادىلخان ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ رەھمەتلەر

لەرنى ئۇرقىدا قالدۇرۇپ تۈگىمەس يوللارنى بېسىپ ئۇلۇغ ئەۋلىيانىڭ شەھىرىگە ئۈچ ئاي دېگەندە كەلدى. ئەللىك تۆگە، يۈز ئات، ئىككى يۈز قوينى ئۆلتۈرۈپ ئەۋلىيالارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بەردى. ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن- كۈمۈش نىيازلىرىنى، ھەزرىتى ئەۋلىيا غەۋسىل ئەزەمنىڭ ئالدىدا قويدى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلاپ زار- زار يىغلاپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى. نەزمە:

بەھەققى ھۆرمىتى قادىر خۇدايىم،
مەدەت ئەيلە ئەۋلىيا مىسكىن گادايغا،
تاغلارچە بار گويا كى مېنىڭ گۇناھىم،
مەدەت بەرگىن، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

بەھەققى ھۆرمىتى روسۇل ھەم خۇدا،
قىيامەتتە ئۈممەتلەرگە پېشىۋا،
سىز ئۆزىڭىز دەردمەنلەرگە رەھنەما،
رەھىم ئەيلەڭ، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

چاھار يارلار بەندىلەرنىڭ ئەۋزىلى،
بوۋاڭ ئېرۇر پىرلەرنىڭ سەرۋىرى،
چىنى ماچىن شەھەرلەرنىڭ گەۋھىرى،
مەدەت ئەيلە، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

ئاڭلا ئەرزۇ ھالىمنى تولا پەريادىم،
پەيدا بولسۇن يولۇڭدا بۇ شىرىن جانىم،
جان تىلەپ بەر ئۆلۈككە قادىر ئىشانىم،
مەدەت بەرگىن، ئەۋلىيا، مىسكىن گادايغا.

بۇگۈن يا ئۆلمەك كېرەك، يا قۇتۇلماق كېرەك.

ئۇلار قوللىرىغا تاش ـ ياغاچلارنى ئېلىپ زىندان بېشىنى ئۆلتۈرۈپ زىنداندىن چىقتى. ئوردا دەرۋازىسىنى چېقىپ ئورنىغا كىرىپ قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈپ، پارچە زەنجىرلەنگەن مەھبۇسلارنى زۇلۇمدىن قۇتقازدى.

ئەلقىسسە، دەل شۇ چاغدا پادىشاھ دىيارى بەكرى شەھىرىنىڭ پادىشاھى بوپتۇ، دېگەن خەۋەر شەھىرى يەمەنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار كۆپ مەسلىھەتلەرنى قىلىپ نۇرغۇن تارتۇق، سوۋغا ـ سالام، پەش ـ كەشلەر بىلەن پادىشاھ ئادىلخانغا خەت ئەۋەتتى. خەتكە مۇنۇ سۆز ـ لەر پۈتۈلگەنىدى: «يەمەن شەھىرىنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق، باي پېقىرلىرىنىڭ ئەرزى شۇكى، ئۆزلىرىنىڭ قەدرىنى بىلمەي ئەدەبسىزلىك قىلىپتىمىز. كېلىپ بۇ ئاجىزلارنىڭ دادىغا يەتكەيلا نامە تامام، ۋەسسالام.»

بۇ خەتنى بىر قانچە كىشى دىيارى بەكرىگە ئېلىپ كەلدى. سوۋغا ـ سالاملارنى پادىشاھ ئادىلخانىنىڭ ئالدىدا قويدى. پادىشاھ ئادىلخان خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق پىكىر يۈرگۈزمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى يەمەن شەھىرىنىڭ چوڭلىرىدىن قاتتىق ئازار يېگەنىدى، شۇڭا يەمەن شەھىرىگە بېرىشنى ئىختىيار قىلمىدى. تۇججار بەھمەننى يەمەن شەھىرىگە پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى. مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭغا يەمەن شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، پېقىر ـ ئاجىزلارنىڭ دەردىگە يېتىپ، ئادالەت تۇرغۇزۇپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، يېڭىدىن ـ يېڭى ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى تاپىلىدى ھەم مۇنداق دېدى:

ـــ بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر، تاج ـ دۆلەت، پۇل ـ مال،

ئېيتىپ دىيارى بەكرى شەھىرىگە يېنىپ كېتىش ئۈچۈن ئىجازەت تىلىدى. ھەزرىتى غەۋسىل ئەزەم ئىجازەت بەردى ۋە ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلدى. پادىشاھ ئادىلخان مەلىكە گۈلچېھرە بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ دىيارى بەكرى شەھىرىگە يېنىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئادىلخان بالا-چاقىلىرى بىلەن يەمەندىن چىققان كۈنىنىڭ ئەتىسى قەلەندەرلەر ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇلار بۇ شەھەر ئەمدى بىزگە ئۆگچە قاپتۇ، دەپ بەك چېكىشكە باشلىدى. ئەل خالايىق بىلەن كارى بولمىدى. ۋەزىر-ئەمىرلەرنى، ئەھلى-ئۆلىمالەرنى، قازى-مۇپتىلارنى، شەھەر ئۇلۇغلىرىنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ زىندانغا سالدى. ئۇلار شەھەرنى ۋە خالايىقنى شۇنداق پاراكەندە قىلدىكى، ئۇن ئۆيىنى ئاختۇرسا بىر سىقىم ئۇن، بىر پارچە كىگىز تېپىلمايدىغان بولدى. قەلەندەرلەر پادىشاھلىق تاجىنى تالىشىپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ بىرلا قەلەندەر قالدى. ئۇ يەمەن شەھىرىگە ئون تۆت يىل پادىشاھ بولدى. زىندانغا تاشلانغان يۇرت چوڭلىرى قازى، مۇپتى، ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ بەزىسى ئۆلدى، بەزىسى يېرىم جان بولۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، بىر كېچىسى زىنداندىكى شەھەر ئۇلۇغلىرىدىن يەتمىش كىشى بىر-بىرسىنىڭ قېشىغا كېلىپ كېنايە قىلىشتى. ئۇلار مۇنداق دېدى:

—ئەي بۇرادەرلەر، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئاز. بىز ئازغان ئاسىي ئادەملەرمىز. پادىشاھ ئادىلخانغا ئوخشاش مېھرىبان پادىشاھنى، خالايىقنىڭ پۇشتى-پاناھىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردۇق. ئېزىپ-تېزىپ كەلگەن بەڭگى-قەلەندەرلەرنى ئوبدان بىلىپ پادىشاھ قىلدۇق. شاھىمىزنىڭ قىساسى مانا بىزگە كەلدى.

# شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلرىز

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، رۇم شەھرىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئىسمى ئادىل شاھ ئىدى. ئۇنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ چېھرى قۇياشتەك ۋە بەلكى سائادەت يۇلتۇزىدەك كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلاتتى، جانغا راھەت بېغىشلايتتى. قەددى - قامىتى سەرۋىدەك توپتوز ئىدى. بەللىرى چۈمۈلىنىڭ بەللىرىدەك ئىنچىكە، كۆزلىرى كىيىك كۆزىدەك قارا ئىدى. لەۋلىرى غۇنچىدەك بولۇپ، بۇدۇر چاچلىرى سۇمبۇل ھالقىلارنى ھاسىل قىلغانىدى. نەزمە:

پەرىزادە، پەرى چېھرە، پەرىۋەش،
تۇشۇپ خالى خەتىدىن جانغا ئاتەش.

ئەلقىسسە، ئۇ ساھىبجامالىنىڭ ئىسمى مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچا دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ قىز شۇنداق ئەقىللىك ۋە چېچەن ئىدىكى، ھەر كۈنى ئاتىسىنىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ دەۋاگەرلەرنىڭ ئەرز - دادلىرىنى سورايتتى. بارا - بارا بۇ قىزنىڭ ھۆسنى - جامالى جاھان خەلقىگە مەشھۇر بولۇپ كەتتى. شەھەر - شەھەرلەردە ۋىلايەت - ۋىلايەتلەردە قانچىلىگەن پادىشاھلار ۋە شاھزادىلەر بۇ قىزنىڭ تەرىپ - تۆسىپىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئاشىقتى بىقارار بولۇشتى. ئۇلار ئادىل پادىشاھقا: «قىزىڭىزنى ماڭا

سۆلەت مەڭگۈلۈك ئەمەس. بۇ دۇنيا ۋاپاسىز. ئاخىرى يۈز مىڭلىغان پۇشمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىمىز. بۇ ھەر كونا لەنگەردۇر، بىزلەر بولساق يولۇچى، ئۆتۈپ كېتىمىز ـ دە، قايتىپ كەلمەيمىز. پەقەت ياخشىلىقلا قىلالىساق پۇشماندا قالمايمىز.

پادىشاھ ئادىلخان شۇنداق قىلىپ دىيارى بەكرى شەھىرىدە قالدى. تۇججار بەھمەن شەھىرى يەمەنگە پادىشاھ بولدى.

(بۇ داستان قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى)

ئەلچىلەرنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن، ئۇلارغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن.

ئەتىسى ئەملاق ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىلدى. پادىشاھ:

— ئەي ئەملاق، — دېدى ۋەزىرگە، — بۇ ئەلچىلەرگە قانداق مەسلىھەتىڭ بار؟

— ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئەملاق ۋەزىر، — مەن قىزىڭىز مەلىكە دىلرىزنىڭ قېشىغا كىرىپ نۇرغۇن شەھەر، ۋىلايەتلەردىن ئەلچىلەرنىڭ خەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشتا پەرىشان بولۇۋاتقانلىرىنى ئېيتقاندىم، مەلىكە دىلرىز ماڭا: «ئاتامغا ئېيتقىن، بۇ ئىشتىن تولا پەرىشان بولمىسۇن. ئەلچىلەرنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن، ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دەۋاتىدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇپ ئەلچىلەرنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئەلچىلەر مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرگەندىن كېيىن خەتلىرىنى بېرىشتى.

— ئەي ئەلچىلەر، — دېدى مەلىكە خەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، — ھەرقايسىڭىزلار ھەرقايسى شەھەر ۋە ۋىلايەتلەردىن كېلىپسىزلەر، بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار. ئاتام ماڭا بىر ئورۇن تەييارلىسۇن. ئۇنىڭغا بىر مۇنار بىنا قىلدۇرسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر جۈپ ئالتۇن ناغرا، بىر جۈپ كۈمۈش چوكا تەييار قىلىپ قويسۇن. ئۇنىڭ ئەتراپى مەيدان بولسۇن، مەيداننىڭ ئەتراپى چاھارباغ بولسۇن. بۇ باغقا يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلسۇن، باغنىڭ ئىچىدە بىر كۆلچەك بولسۇن، كۆلچەكنىڭ لېۋىدە بىر شاھانە سۇپا بىنا قىلدۇرسۇن، سۇپىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئالەمدە بار ھەممە گۈللەرنى كۆچۈرسۇن.[1] گۈللەر

بېرىڭ» دەپ ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئاللاھازەل يەتمىشچە شەھەردىن ئەلچى كەلدى.

ئەلقىسسە، ئادىل شاھنىڭ ئەملاق ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ خەتلىرىنى پادىشاھقا كۆرسەتتى. پادىشاھ بۇ مەكتۇپلارنى كۆرۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا تەپەككۇر دەرياسىغا غەرق بولدى.

— ھەي ئەملاق، بۇ ئەلچىلەرگە نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟ — دېدى پادىشاھ ۋەزىرىگە، — بۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىر مەسلىھەت كۆرسەتكىن. بىر قىزغا بۇنچىۋالا پادىشاھلار ئەلچى ئەۋەتسە قايسىبىرىگە بېرىمىز. بىرىگە بەرسەك بىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ. بىز ئالدى بىلەن بىر مەسلىھەتلىشىۋالايلى. ئاڭغىچە سەن ئەلچىلەرگە قونالغۇ جاي تەييارلەپ بەرگىن.

ئەملاق ۋەزىر ئەلچىلەرگە قونالغۇ راسلاپ بەرگەندىن كېيىن، پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ: «بۇ ئەلچىلەرگە نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟» دېگەن خىيال بىلەن ئۇخلاپ قالدى.

ئەلقىسسە، ۋەزىر ئەملاق پادىشاھنىڭ يېنىدىن چىقىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى ۋەزىر ئۇنىڭغا، — ئۆزلىرى توغرۇلۇق پادىشاھقا يەتمىش شەھەردىن ئەلچى خەت ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ «بىرلا قىزىم بار تۇرسا، قايسىبىرىگە بېرىمەن، بىرىگە بەرسەم يەنە بىرىنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ» دەپ تەڭلىكتە قالدى. ۋە بۇ توغرۇلۇق مېنىڭ مەسلىھەت بېرىشىمنى سورىدى. ئەلچىلەرگە قونالغۇ راسلاپ بەردىم. سىز ئاقىل ۋە چېچەن قىز، بۇ ھەقتە بىر مەسلىھەت بەرسىڭىز.

— ئەي ئەملاق، — دېدى مەلىكە ۋەزىرگە، — ئاتامغا ئېيتقىن، بۇ ئىشتىن تولا غەمكىن ۋە پەرىشان بولمىسۇن،

شەھەر، يۇرت، كەنتلەرگە، سەھرالارغا ھاشار ئالۋىڭى قويۇپ شۇنداق يارلىقنامە چىقاردى:

«يۇرت بېگى، مىڭ بېگى، قازى بېگى، دىۋان بېگى، مىراب بېگى، تۈمەن بېشى، مىڭ بېشى، يۈز بېشى، كۆك بېشى، قاپ بېشى قاتارلىق ئىسمى يوق بەگلەرگە جىنسى يوق باشلارغا، قاپىقى يوق باراڭلارغا، مېڭىسى يوق ساراڭلارغا، چوڭ ـ كىچىك، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە يۇرت خەلقىگە مەلۇم بولسۇنكى، ھەممەيلەن رۇم ئوردىسىنىڭ ئالدىدا مەلىكىنىڭ چاھار باغى ئېرەم گۈلىستانى ۋە شەۋكەتلىك مەيدانى ئۈچۈن ئىشلىسۇن. ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسىدىن باشلاپ يۇقىرىقى ئادەملەر بىردىن كەتمەن، بىردىن زەمبىل، ئوزۇق ـ تالقان، قىلىچ ـ قالقان، چويۇن ـ داڭقان قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ ئەملاق ۋەزىرگە ئىشلەپ قايتقاي. مۇبادا بۇ ئىشتا ھايال بولساڭلار، قاتتىق جازالاپ زىندانغا تاشلايمەن. ئاسانلىقچە گۇناھىڭلاردىن ئۆتمەيمەن.»

چاپارمەنلەر پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا يۇرت ـ يۇرتلاردىن ھاشارلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئەملاق ۋەزىرگە تاپشۇردى.

ئەلقىسسە، ئەملاق ۋەزىر رۇم شاھى ئوردىسىنىڭ ئالدىدا بىر كەڭرى مەيدان ياسىدى. مەيداننىڭ يېنىغا بىر چاھار باغ بىنا قىلدى. ئۇ باغقا يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەختىن كۆچەت قويدى. كۆچەتلەردىن ئالدى بىلەن خورما، ئەنجۈر، ئالما، ئۈزۈم، ئانار، جىنەستە، ئالۇچا، بالۇچا، ئەينۇلا، شاپتۇل، زەردولا، بېھى، ئامۇت، نەشپۈت، ياڭاق، چىلان، جىگدە، ئۈجمە، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى بەرپا قىلدى. باغ ئوتتۇرىسىغا بىر كۆل قېزىپ، يېنىغا بىر شاھانە سۇپا بىنا قىلدى.

ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرسۇن. مېۋىلەر پىشىپ تۇرسۇن. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە خۇش ئاۋاز جانىۋارلار سايرىشىپ تۇرسۇن. ئۇ مەيداننىڭ كەڭلىكى بىر پەرسەڭ①چامىسىدا بولسۇن.
بىنا قىلىنىغان مۇنارمۇ ناھايىتى ئېگىز بولسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا قەسىر - ئايۋان ۋە ھۇجرىلار بىنا قىلدۇرسۇن. قەسىر - ئايۋانلارغا رەڭمۇ رەڭ زىلچىلارنى سالدۇرسۇن، مەن كېنىزەكلىرىم بىلەن ئۇ ئايۋانغا چىقىپ ئولتۇرىمەن. ھەر كىم ماڭا ئاشىق بولسا، مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، كۈمۈش چوكا بىلەن ئالتۇن ناغرىنى چالسۇن. مەن بۇ ئاۋازنى ئىشىتكەندىن كېيىن، يۈزۈمگە نىقاب تارتىپ، كېنىزەكلىرىم بىلەن مەيدانغا چىقىپ، مەيدان ئوتتۇرىسىغا تەخت قويۇپ ئولتۇرىمەن. ئاشىق بولغۇچى كىشى مەن بىلەن بېيىت ئوقۇشۇپ شېئىر ئېيتالىسا، ئۇ ئادەم شاھ ياكى گاداي، باي ياكى مالاي، ياش ياكى قېرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىمەن. ئەگەر مەن بىلەن بېيىت ئېيتىشىپ شېئىر ئوقۇيالمىسا، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئاستۇرىمەن. مېنىڭ شەرتىم شۇ.

ئەلچىلەر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ:

— ئىختىيار قىزىمدا، قىزىمنىڭ دېگىنى ھېساب، — دەپ ئەلچىلەرنى يولغا سالدى. ئاندىن ۋەزىر ئەملاققا:

— بۇ ئىشقا سەن مەسئۇل بول، — دېدى.

ئەلچىلەر ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىپ شاھزادىلەرگە مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنى مەلۇم قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەملاق ۋەزىر رۇم شەھىرىگە تەۋە بارلىق

① پەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

نىدىن يـۈز ھـەسسە زىيـادە ھەشەمەتلىك قىلىـپ ياسالدى. ئادىل پادىشاھ ھاشارغا ئىشلىگەنلەرگە يۈز تەڭگىدىن پۇل، يۈزدىن نان ئىنئام بېرىپ ئۆز يۇرتلىرىغا يـاندۇردى. ئۇلار بۇ زۇلۇم ـ جاپادىن قۇتۇلغانلىقىغا يۈز مىڭ شۈكرى ـ سانا ـ لارنى ئېيتىپ ئۆز كەنتلىرىگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، پـادىشاھ ئەملاق ۋەزىرگـە جار سالدۇرۇشنـى بۇيرۇدى. ئەملاق ۋەزىر جارچىغا جار سالدۇردى. جارچى خالاـ يىققا: «ئەييۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ خاس، پادىشاھ ئادىلـ نىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ساھىبجامال قىزى بار، ھەرقايسى شەھەر ـ ۋىلايەتتىن ھەرقانداق بىر كىشـى مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچىغا ئاشىق بولسا، خاھى شاھ، خاھى گاداي بولسۇن، خاھى قېرى، خاھى ياش بولسۇن مەلىكە بىلەن تەڭ بېيىت ئوقۇپ شېئىر ئېيتىشالىسا، شۇ كىشى كۆيـ ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ كىشىدىن تـويغا ھېچ نـەرسە ئېلىنمايدۇ. شاھنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى شۇ كىشىنىڭ بولـ دۇ. ئەگەر بېيىت ئوقۇش، شېئىر ئېيتىشتا مەلىكىگە تەڭ كېـ لەلمىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ بېشى كېسىلىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئېسىلىدۇ ...» دەپ جار سالدى. مەلىكە ئۆزىگە زىبۇ ـ زىننەت بېرىپ چاھـارباغقا كېلىـپ ئولتۇردى. ئۇ باغقا «باغى ئىرەم» (جەننەت بېغى) دەپ ئات قويـۇلدى.

ئەلقىسسە، مەلىكىنىڭ داڭقى پۈتكۈل ئالەمگە تـارالدى. ئۇنىڭ شائىر ۋە دانالىقى جاھانغا پـۇر كـەتتى، مەلىكىنىڭ داڭق تۇسـىنى ئاڭلاۋېرـپ خـالايىقنىڭ قـۇلاقلىرى گـاس بولاي دېـدى. مەلىكىنىڭ خـەۋرىنى شاھزادىلەرگـە ئېيتقان كىشىلەر كـاتتا ئىنئاملار بىلەن تـارتـۇقلاندى. مەلىكىنىـڭ چىرايلىق، خۇش خۇي، چېچەن شائىرلىقىنى ئاڭلاپ نـۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرىكى داغلاندى. مەلىكىنىڭ ئېغىر شەرتلىرى

ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاھاندا بار گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈردى. گۈللەردىن ئالدى بىلەن قىزىلگۈل، سېرىقگۈل، تاجى گۈل، ئەنبەر گۈلى، رەيھان گۈل، سابا گۈل، مەخمەل گۈل، ھىندىستان گۈلى، خىتاي گۈلى، ھەمجۇ گۈل، باھار گۈل، مارجان گۈل، ياسىمەن گۈل، لەيلى گۈل، چىنى گۈل، قازاق گۈل، ھەشقىپىچەك گۈلى، زەپەر گۈل، زەيتۇن گۈل، سەۋزى گۈل، تولدۇرما گۈل، قامچا گۈل، ساپاقسىز گۈل، قارا گۈل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چاھار باغقا كۆچۈردى.

گۈللەر ئېچىلدى، مېۋىلەر چېچەكلەپ پىشتى، جانىۋارلار بۇلبۇل، شاتۇتى، كەكلىكلەر قىزىلگۈللەر ئارىسىدا سايراشقا باشلىدى. باغنىڭ تۆت ئەتراپىغا جاھاندا بار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى تىكتى. بۇ جاي شۇنداق خۇش ھاۋالىق باغچە بولدىكى، يەر يۈزىدە بۇنداق باغچىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھېچقانداق بىر پادىشاھ بۇنداق باغچە ياسىتىپ باقمىغانىدى. باغچىنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئادەمنىڭ دىماغلىرىغا ئەتىر ھىدلىرىنى تولدۇراتتى.

— ئەلقىسسە، باغنىڭ يېنىغا بىر مۇنار ياساتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەتمىش پەلەمپەي ئارقىلىق چىققىلى بولاتتى، مۇنار ئۈستىگە ئالتۇن ناغرا بىلەن كۈمۈش چوكا تەييار قىلىپ قويدى. مۇنارنىڭ يېنىغا بىر قەسىر بىنا قىلدۇردى. ئۇ يەردە كۈمۈش كۇرسى، ئالتۇن تەخت قويدۇرۇپ ئۈستىگە رۇمنىڭ قىممەت باھالىق ماتالىرىدىن پاياندار سالدۇردى. كارىۋات-سۇپىلارغا ھەر خىل ئەتىۋارلىق بىساتلاردىن تۆشەكلەرنى سالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مولۇن تېرىسى، كىمخاب، مەخمەل، تەتىللا قاتارلىق ئېسىل يوپۇقلارنى يېپىپ قويدى. قەسىر يېنىدا بىر ئازادە مەيدان بىنا قىلدۇردى. ئەملاق خالايىقنى شۇنداق قاتتىق ئىشلەتتىكى، بۇ ئىمارەتلەر مەلىكىنىڭ دىگى-

مۇنار ئۈستىگە چىقتى. مەلىكە يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بۇ بوۋاينى كۆرۈپ:

— ئەي بوۋا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى بوۋاي، — سىزنىڭ ھۆسن-جامالىڭىزنى كۆرۈپ ئاشىقى شەيدا بولدۇم، ئۈچ كۈندىن بېرى جامالىڭىزغا ئىنتىزاردۇرمەن، سىز بىلەن بېيىت ئوقۇپ، شېئىر ئېيتىشىپ قېرىغان ۋاقتىمدا سىز بىلەن كۈنۈمنى راھەتتە ئۆتكۈزەي، دەپ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ بوۋاينىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشمۇ قىيىن بولسا كېرەك. مەن بۇ بوۋايدىن بىر سوئال سوراپ كۆرەي، جاۋاب بېرەلمەي كېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ بوۋايدىن:

— ئەي بوۋا، — دېدى مەلىكە، — سىزنى بۇ يەردىن كېتىپ دېسەم ئۇنىمىغۇدەكسىز. ئەگەر ماڭا راستلا ئاشىق بولسىڭىز بېيىت ئېيتىپ بېقىڭ.

بوۋاي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھېچ كىشى سەندەك جاھاندا، دىلبىرىم، رەنا ئەمەس،
بىر مېنىڭدىن ھېچ كىشى، يارىم، ساڭا شەيدا ئەمەس.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ بوۋاي بېيىتنى ياخشى ئوقۇدى. ئەمما ئۇ ياشلىق مەۋسۇمى كېتىپ، قېرىلىق مەزگىلىگە يەتكەن بوۋاي ئىكەن» دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قېرىلار يايىنى تارتار، ئوق ئاتالماس،
ئەگەر ئاتقان بىلەن ھەرگىز قادالماس.
قاشىدا ياتسا ناگاھ نازىنىن قىز،
كېچە تاڭ ئاتقۇچە بىر سۆز قاتالماس.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تۇپەيلىدىن نۇرغۇن قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ يوللىرى باغلاندى.

ئەلقىسسە، نۇرغۇن شاھزادىلەر مەلىكە بىلەن شېئىر ئېيتىشقىلى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىگە تەڭ كېلەلمەي باشلىرىدىن ئايرىلدى. مەلىكە شۇ يوسۇندا تۆت يۈز سەكسەن ئالتە شاھزادىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئاستى، بۇ خەۋەر پۈتۈن ئالەمگە تارقالدى.

ئەلقىسسە، رۇم شەھرىدە قۇبەيس ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىدى. يېشى يەتمىشتىن ئاشقانىدى. ئۇ مەلىكىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، غايىبانە ئاشىق بولدى. بىر كۈنى قۇبەيس بوۋاي مەلىكە بىلەن بېيىت ئېيتىشىش ئۈچۈن ئوردا ئالدىدىكى مۇنار يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەلىكىنىڭ يۈز مىڭ ناز ۋە نازاكەتلەر بىلەن مۇنار ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇنى كۆرۈش بىلەنلا، بوۋاينىڭ يۈرەك باغرىغا ئوت تۇتىشىپ مەلىكىنىڭ ئىشتىياقىدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئۇتاشتى ئىشق ئوتى جانغا چېقىن چاقناندەك ئەي ساقى،
بولاي بىر بادە ئۇتساڭ يېڭى جان تاپقاندەك، ئەي ساقى.
بۇ جانغا ئىشق ئوتى چۈشتى يۈرەكنى پارىلەر ئەيلەپ،
تەجەللى يۈزىدىن تۇر ئۇزرە ئوت سالغاندەك، ئەي ساقى.
سېنىڭ ھۆسن - جامالىڭ مىسلى ئوتدۇر بەرق ئىلە باران،
يادا تاشىغە قان يەتكەچ ياغىن ياققاندەك، ئەي ساقى.
ياغار يامغۇردەك ئىشكىم چۈن بولۇر لەئلىڭ شاراب ئالۇد،
قوشۇلماق ھەم مۇيەسسەردۇر مېنى تۇتقاندەك، ئەي ساقى.

ئەلقىسسە، ئۇ بوۋاي مەلىكىنىڭ ئىشتىياقى بىلەن مۇنار-نىڭ يېنىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ياتتى. كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەدى. گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەدى، ئىشق ئوتىدا شەيدا بولۇپ كۈنلەرنى تۈنگە ئۇلىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەلىكە يەنە

ھۆسن-جامالىنى كۆرگەندىن بېرى ماڭا ئاراملىق يوق. بۈگۈن كېچە مەلىكىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئىچىمگە قايتىدىن بىر ئوت تۇتاشتى. مەلىكىنىڭ ئىشق پىراقىدا يۈرىكىم كۆيۈپ كاۋاپ بولدى. شۇڭا مەلىكىنىڭ ھۆسن-جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرىمەن.

— ئەي بوۋا، — دېدى گۈلئەندام، — سەن قېرىپ قاپسەن، ساقىلىڭغا ئاق كىرىپتۇ. يەنە ئاشىقلىق دەۋاسى قىلىۋاتىسەن. سەن ئەمدى خىلۋەت بىر جايدا ئولتۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە توۋا قىلىپ، ئاخىرەتنىڭ غېمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزسەڭ بولماسمۇ؟

— ئەي قىزىم، بۇ دېگەنلىرىڭغۇ راست، — دېدى بوۋاي، — لېكىن مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەپ ھېچ تاقىتىمنى قويمىدى. مەلىكىنىڭ ھۆسن-جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق.

گۈلئەندام بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنداق مەلۇم قىلدى:

— ئەي خانىم، ئىلگىرى بىر قېتىم كېلىپ بېيىت ئوقۇغان بوۋاي يەنە كېلىپ مۇنار يېنىدا ئولتۇرىدۇ. «بۇ يەردىن كەتكىن» دېسەم، «مېنىڭ يۈرەك باغرىم مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ كاۋاپ بولدى. ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى يەنە بىر كۆرسەم مۇرادىم ھاسىل بولاتتى، شۇ چاغدا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. شۇنچە سۆزلەرنى قىلساممۇ كەتكىلى زادى ئۇنىمىدى. ئامال قىلالماي قايتىپ كىردىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مەلىكە، — بىر تاختايغا سۈرىتىمنى سىزىپ بوۋايغا بېرەي، ئۇنى كۆرسە مېنى كۆرگەندەك

ئەي مەلىكەم مەن سېنى ھەر كۈندە مىڭ كۆرگۈم كېلۇر،
كۆرمىسەم ئايدەك يۈزۈڭنى، كۈندە مىڭ ئۆلگۈم كېلۇر.
تەقدىرى ئاللا بىلە بىزگە ۋىسال بولغان زامان،
لەۋلىرىڭگە، ئەي مەلىكەم، كۈندە مىڭ سۆيگۈم كېلۇر.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي بوۋا، كەتكىن بۇ يەردىن سەن ماڭا ئاشىق ئەمەس،
سەن قېرى، مەن ياش، قاراپباق، ئىككىمىز لايىق ئەمەس.
نەچچە يۈز شاھزادىلەر ئىشقىمدا كەتتى دۇنيادىن،
ساڭا خۇش ياققان بىلەن كۆڭلۈم مېنىڭ مايىل ئەمەس.

مەلىكە بېيىت ئوقۇپ بولۇپلا كۆڭلىدە: «بۇ بوۋاي بېيىتنى ياخشى ئوقۇدى. ئۆزى قېرىغان بولسىمۇ كۆڭلى ياش ئىكەن. ئىشنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن قۇتۇلاي» دەپ ئويلاپ «جاللات» دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي جېنىنى غەنىيمەت بىلىپ بىر كوچىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بوۋاي جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا يۈز مىڭ شۈكرىلەرنى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى بوۋاي چۈشىدە مەلىكىنى كۆرۈپ ئويغاندى ئۇ مەلىكىنىڭ ھىجرىدە سەرگەردان بولدى - دە، مۇنار يېنىغا يەنە كېلىپ بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچىنىڭ گۈلئەندام ئىسىملىك بىر كېنىزىكى بار ئىدى. گۈلئەندەم بوۋاينىڭ بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي بوۋا، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقا يىغلىماي، — دېدى بوۋاي، — مەلىكىنىڭ

توساتتىن بىر كىيىك شاھزادە بەھرامنىڭ ئالدىدىن قاچتى،
شاھزادە كىيىكنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. كىيىك تاغنىڭ باغ-
رىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. شاھزادە نائىلاج قايت-
ماقچى بولۇۋىدى. قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. دىققەت قىلىپ
ئاڭلاپ باقتى. ئاۋاز تاغدىكى غاردىن چىقىۋاتاتتى. شاھزادە
ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى بىر تۈپ چىنارغا باغلىدى- دە،
غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولاق سالدى. شاھزادە غار ئىچىگە
قارىسا بىر بوۋاي تاختايغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. نەزمە:

غېرىبۇ مىسكىنۇ بىچارىدۇرمەن،
مەلىكەم ئىشقىدا ئاۋارىدۇرمەن.
كى مەندەك ئاجىزۇ ئاۋارەلەرنىڭ،
كى ئىشق ئوتىدا كۆيگەن زارەلەرنىڭ؛
ھەممە ھاجەتلىرىنى سەن راۋا قىل،
كەرەم لۇتفىڭ بىلە دەردىم داۋا قىل.
ئۇنىڭ ئىشقى مېنى قىلدى پەرىشان،
كېچە - كۈندۈز يۈرۈرمەن زارۇ ھەيران.
ھەممە مۈشكۈل ئىشىم ئالدىڭدا ئاسان،
قوۋۇشتۇرماق، خۇدايا، ساڭا ئاسان.
ئىلاھا، بۇ غېرىبنى شاد قىلغىن،
مەلىكەمنى ماڭا ئىرشاد قىلغىن.

شاھزادە بەھرام قۇبەيسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەي بوۋا، نەدىن كەلدىڭ؟ نېمىدەپ بۇ غار
ئىچىدە يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟ قولۇڭدىكى نېمە قىلىدى-
غان تاختاي؟ — دەپ سورىدى.
— نېمىنى سورايسەن، يىگىت، رۇم پادىشاھىنىڭ پاك-

بولار، بۇنىڭغا ئۇنىمىسا ئۆلتۈرىمەن.

مەلىكە قولىغا دەۋەت - قەلەم ئېلىپ بىر تاختايغا سۈرەتتىنى سىزىپ گۈلئەندامغا بېرىپ:

— بۇنى بوۋايغا بەرگىن، ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆڭلىنى خۇش قىلسۇن، — دېدى.

گۈلئەندام سۈرەتنى ئېلىپ چىقىپ بوۋايغا بەرگەندىن كېيىن:

— بۇ سۈرەتنى مەلىكەم سىزىپ بەردى. ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ، سۈرەتكە قاراپ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىن. ئەگەر بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ، مەلىكە سېنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىڭنى ئاشىقلار مۇنارىغا ئاسىدۇ، — دېدى.

قۇبەيس بوۋاي سۈرەتنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتتى. بوۋاي ھەر كۈنى سۈرەتكە قاراپ زار - زار يىغلايتتى. بوۋاينىڭ بالىسى ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ «ئاتام دىۋانە بوپتۇ» دەپ مەسخىرە قىلدى. بوۋاي بۇنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ، بالا ۋە ئۆي بىساتىنى تاشلاپ سۈرەتنى ئېلىپ باياۋانغا قاراپ يولغا چىقتى. چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، بىر تاغنىڭ باغرىغا يەتتى. ئۇ تاغدىن بىر غارنى ماكان تۇتتى. مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى ئۆزىدىن يىراق قىلماي سۈرەتكە قاراپ كېچە - كۈندۈز يىغلايتتى. قورسىقى ئاچسا قومۇشنىڭ يىلتىزىنى تاماق قىلىپ يەيتتى. بوۋاينىڭ كۈنى ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى.

ئەلقىسسە، ئەمدى داستاننى شاھ بەھرامدىن ئىشتىڭ. چىن خاقانىنىڭ بەھرام ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى شاھزادە شىكار قىلىشنى ئىختىيار قىلدى. سەپەر تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن ئوۋ قۇشلىرىدىن قارچىغا، لاچىنلارنى ئېلىپ بىر توپ يىگىتلەر بىلەن شىكارغا ئاتلاندى.

شاھزادە بەھرام بۇ بېيىتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بوۋا، مەلىكىنىڭ ئىشقىدا كۆپ جاپالارنى تارتىپسەن، مەن بىلەن بىزنىڭ شەھەرگە بارغىن، ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە ئىلتىپات قىلاي، — دېدى. قوبەيس ماقۇل بولۇپ شاھزادە بەھرامنىڭ كەينىدىن يولغا راۋان بولدى. شاھزادە ئادەملىرى بىلەن تېپىشىپ، بوۋاينى ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە قايتتى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن قوبەيسكە بىر ئۆينى مېھمانخانا قىلىپ بەردى. بوۋاي شاھزادىنىڭ ئىلتىپاتىدىن خۇش بولدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بەھرام شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق بولدى. مەلىكىنىڭ ئىشقىدا كېچە-كۈندۈز كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، تاماقتىنمۇ قالدى. خىزمەتچىلەر شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى خاقانى چىنغا مەلۇم قىلدى. بىر كۈنى خاقانى چىن شاھزادىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئۈچ-تۆت كۈن بولدى چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتۇ. مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ ياكى بىر غەم-غۇسسىگە گىرىپتار بولدىڭىزمۇ؟ بۇلارنى يوشۇرماي ماڭا ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى.

— ئەي ئاتا، مەندە غەم-غۇسسىدىنمۇ، كېسەلدىنمۇ ئەسەر يوق. مەن بىر دەردكە گىرىپتار بولدۇم، — دېدى شاھزادە.

خاقانى چىن:

— ئەي بالام، نېمە دەردكە گىرىپتار بولدۇڭ؟ قانداق دەردىڭ بولسا ماڭا دەۋەرگىن، — دېدى.

شاھزادە بەھرام:

— ئەي ئاتا، رۇم شەھرىدە ئادىل شاھ دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىمىش. بۇ پادىشاھنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى

لىق پەردىسى ئىچىدە يېتىلگەن ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى بار. مەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانمەن. بۇ تاختايدىكى شۇ مەلىكىنىڭ سۈرىتى، — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى بوۋاي.

شاھزادە بەھرام تاختايدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ، بىر ئاھ ئۇردى-دە، ھوشىدىن كەتتى. ئۇ مەلىكىگە ئاشىق بىقارار بولدى. شاھزادە شۇ ياتقانچە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئاندىن مەلىكىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاختاينى ئېلىپ:

— بوۋا، سەن مەلىكىنى شۇنچە ماختىدىڭ، ئۇ راستىنلا مۇشۇ سۈرەتتىكىدەك گۈزەلمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ مەلىكىنىڭ ھۆسن-جامالى بۇ سۈرەتتىكىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق گۈزەل، — دېدى بوۋاي ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىغىنىچە، ئاندىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزمە:

ئاتلارى چۈن مەلىكە دىلرىزدۇر،
ھۆسنىنى كۆرمىگەنلەر ئۇسسۇزدۇر.
ساچلىرى چۈن كۆڭۈلنى بەند ئەتمىش،
قاشلىرى خەتتى خالى قۇندۇزدۇر.
قەددى قامەتلىرى سەنەۋەردەك،
ئەيبى يوق بىر ئەلىف كەبى تۈزدۇر.
كۆزلەرى ھەم قاپاقلىرى قىيغاچ،
ھەم ئۇزارى مەگىزلىرى ئۈزدۇر.
لەبى لەئل بەسى ئىبرۇر جان بەخش،
ھەم بىنا گۇشە زۆھرە يۇلتۇزدۇر.
بوينى سۇقسۇر كەبى لاتاپەتلىك،
سىنەسىدە قوش ئالما قىرمىزدۇر.
كىندىكىدۇر گويا ئىپار كېيىكى،
ئۇ تېخى ئىپپەت ئىچرە پاك قىزدۇر.
قىلدى تەرىپ ئاشۇ پەرىۋەشنى،
بۇ قۇبەيس ئىشق ئوتىدا جانسىزدۇر.

— سىلەر قايتىپ بېرىپ بالا-چاقاڭلار بىلەن جەم بو-
لۇڭلار، رۇم شەھىرىگە ئۆزۈم بارىمەن، — دەپ ئۇلارنى قاي-
تۇردى-دە، ئۆزى يالغۇز رۇم شەھىرىگە قاراپ راۋان بول-
دى. نەچچە كۈن چۆل-جەزىرىلەرنى كېزىپ، جاپا-مۇشەق-
قەتلەرنى تارتىپ مەلىكىنىڭ چاھار بېغىغا يەتتى. شاھزادە
ئاشىقلار مۇنارىدا ئېسىقلىق تۇرغان تۆت يۈز سەكسەن ئالتە
شاھزادىنىڭ بېشىنى كۆرۈپ، ئۆز جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ
كۆڭلىدە: «ئۆز ئايىغىم بىلەن ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ-
تىمەن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن يەنە «ئاشىقلىق دەۋاسىنى
قىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى قايتىپ كېتىش مۇناسىپ
ئەمەس» دېگەنلەرنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شاھزادە مۇنار-
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالتۇن ناغرىنى كۈمۈش چوكا بىلەن
شۇنداق ئۇردىكى، ناغرا ساداسى شەھەرنى بىر ئالدى. بۇ
چاغدا مەلىكە دىلرىز قەسرىدە ئۇخلاۋاتاتتى. ناغرىنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلاپ گۈلئەندامنى چاقىردى.

— سەن چىقىپ قاراپ باققىن، — دېدى ئۇ گۈلئەندام-
غا، — يەنە قايسى ئەجىلى توشقان كەلدىكىن.

گۈلئەندام چىقىپ قارىسا بىر ياش يىگىت تۇرۇپتۇ. كې-
نىزەك بەھرامدىن:

— ئەي يىگىت نەدىن كەلدىڭىز؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟ —
دەپ سورىدى.

شاھزادە بەھرام:

— ئەي كېنىزەك، مەلىكىگە خېرىدار بولۇپ كەلدىم، —
دېدى. كېنىزەك:

— ھەرقانداق كىشى بېيىت ئوقۇشتا مەلىكىگە تەڭلىشە-
لىسە ئاندىن ئۇ كىشىگە ئۆزىنى قوبۇل قىلىدۇ. بولمىسا ئۇ-
نىڭغا قىلچە رەھىم قىلماي بېشىنى كېسىپ ئاشىقلار مۇنا-

بار ئىكەن. ئۆزى شائىر ۋە دانا ئىكەن. مەن ئاشۇ مەلىكە-
نىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. رۇخ-
سەت قىلسىڭىز، رۇم شەھىرىگە بېرىپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا مۇ-
يەسسەر بولسام. بولمىسا ماڭا بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگىنىم
ياخشىراق، — دېدى.

— ئوغلۇم، — دېدى چىن خاقانى، — بۇ ئىشقا بەش-
ئون كۈن سەۋر قىلغىن، مەن بىر كېڭەش قىلاي.

شاھزادە ماقۇل بولۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. شاھزادىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-
كۈنگە يامانلاشتى. ئاخىر ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئاتا، ماڭا رۇخسەت بەرگىن. مېنىڭ تاغدەك بەدىنىم
سىمابتەك زەئىپ بولدى. بۇنداق دەرد-ئەلەمدە يۈرگۈچە
ئۆلگىنىم ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

چىن خاقانى نائىلاج ئوغلىغا رۇخسەت بەردى. پادىشاھ
شاھزادىگە بەش يۈز تۆگىگە لەئل-ياقۇت، ئۈنچە-مارجان،
مەرۋايىت، زۇمرەت، دۇررۇ-جاۋاھىر ۋە يۇرتىنىڭ ماتالىرى-
دىن راسلاپ بەردى. تۆت يۈز ئالتۇن مەپە ياسىتىپ، بىر مىڭ
بەش يۈز يىگىتنى قوشۇپ بەردى. يۈز كېمە بىلەن خاقانى
چىن شاھزادىنى ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە بەھرام لەشكەرلىرى بىلەن ئالتە
كۈن يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە چۈشتى. شاھزادە لەشكەرلە-
رىنىڭ ئاھ-پەرياد چېكىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قۇلاق سېلىپ
تۇردى. ئۇلاردىن بىرى: «ۋاي خۇدايىم، ۋاي پەرزەنتىم»
دېسە، يەنە بىرى «ئاھ ئاتام، ئاھ ئانام» دەيتتى. شاھزادە
ئۇلارنىڭ ئاھ-پەريادلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە:
«بۇلارغا ھەقىقەتەن ئۇۋال بوپتۇ، ئۇلارغا رۇخسەت بېرەي
قايتىپ كەتسۇن» دەپ ئويلىدى ۋە:

گىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، — دېدى.
— مېنىڭ ئىسمىم سەنەم ئاغىچا، سىز ئىسمىمنى قوشۇپ توت مىسرا بېيىت ئۇقۇڭ. ئەنە شۇ چاغدا سىزنىڭ ماڭا ئاشىق ئىكەنلىكىڭىز ئاشكارا بولىدۇ، — دېدى مەلىكە.
شاھزادە بەھرام خۇشال بولۇپ بۇ بېيىتنى ئۇقۇدى.

نەزمە:

ئەي سەنەم، لەئلى لەبىڭ بىسيارمەيگۇندۇر بۇگۈن،
كۆزلەرىڭ فەغفۇرى چىن يا تازە پەرخۇندۇر بۇگۈن.
يا مېنىڭ خاسىيەتىمدۇر ياكى ئەكسى ئارەزىڭ،
گۇلشەنى كۆردۇم مەگەر جەننەتتىن ئەفزۇندۇر بۇگۈن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئۇقۇدى. نەزمە:

ئاي يۈزۈم سۆزۈكلىكى چۇن سەرۋى مەۋزۇندۇر بۇگۈن،
بارچە ئالەم ئىشتىياقىمدا جىگەر خۇندۇر بۇگۈن.
بۇ قىزىل كىيگەن تامام قىزلار كېنىزەكىم مېنىڭ،
جىلۋە - جىلۋە ھەر تەرەف سەد باغى گۈلگۈندۇر بۇگۈن.

شاھزادە بەھرام بۇ بېيىتنى ئۇقۇدى. نەزمە:

ئارى - ئارى، ئارەزىڭ تىغى نەمایاندۇر بۇگۈن،
ۋەھشەتىڭدىن دەشتۇ سەھرا قىپقىزىل قاندۇر بۇگۈن.
رەھىم قىلماي كۆپ كىشىنى خۇنى ناھەق ئەيلەدىڭ،
بۇ سېنىڭ زۇلمىڭگە يۈز ھۇججاج ھەيراندۇر بۇگۈن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئۇقۇدى. نەزمە:

بۇ يىگىتنىڭ چېھرەسى چۇن تۇرفە گۈلگۈندۇر بۇگۈن،
يا خۇمارى شوردۇر، يا مەستى ئەفيۇندۇر بۇگۈن.
يا ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىدىن ھەر سۆزنى بىلمەي ئايتادۇر،
يا مەگەر دىۋانەمۇ يا زادە مەجنۇندۇر بۇگۈن.

شاھزادە بەھرام بۇ بېيىتنى ئۇقۇدى.

رىغا ئاسىدۇ، — دېدى.

— دېگەنلىرىڭ بەرھەق، — دېدى شاھزادە، — مەن مەلىكىگە چىن كۆڭلۈمدىن ئاشىق بولۇپ بۇ يەرگە كەلدىم، مەلىكە بىلەن كۆرۈشمەي كەتمەيمەن.

گۈلئەندام مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، بىر كېلىشكەن ياش يىگىت سىزگە خېرىدار بولۇپ كەپتۇ. شۇنچە نەسىھەت قىلساممۇ قوبۇل كۆرمىدى، — دېدى.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيدى. يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتتى. قولىقىغا ھالقىلارنى سېلىپ ئۆزىنى تۈزدەك ياساپ، كېنىزەكلىرىنى كەينىگە سېلىپ مۇنارنىڭ يېنىدىكى مەيدانغا كەلدى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆمۈش كۇرسى، ئالتۇن تەخت قويدۇرۇپ تۆپىسىگە زەرباپتىن پوپۇق ياپتۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىدە مەلىكە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئولتۇردى. ئاندىن شاھزادىگە كۆمۈش كۇرسى قويدۇرۇپ بەردى. شاھزادە بەھرام مەلىكىگە شاھانە سالام ۋە تەزىم رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. مەلىكە شاھزادە بەھرامنى كۆرۈپ شاتۇتىدەك سۆزگە كىردى:

— ئەي يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلىسىز، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى سەدەپنىڭ گۆھىرىسىز؟ قايسى ئۇۋىدىن پەرۋاز قىلىپ كەلدىڭىز؟ نام-نەسەبىڭىزنى ماڭا بايان قىلىڭ، — دېدى.

— مەن چىن خاقانىنىڭ ئوغلىمەن، — دېدى شاھزادە بەھرام. سىزنىڭ تەرىپ-تەۋسىپىڭىزنى ئاڭلاپ، يېلىمنى ئىككى يەردىن باغلاپ، سىزنىڭ ئىشق-پىراقىڭىزدا يۈرىكىمنى داغلاپ، چىن ۋىلايىتىدىن كەلدىم. نېمە قىلسى-

ئىنكئانا قارىسا نۇرانە ساھىبجامال يىگىت ئىكەن. شاھزا-
دىنىڭ ئاپتاپتەك جامالىنى كۆرۈپ ئىنكئانىنىڭ رەڭى
كەلدى - دە، جاللاتقا:

— مەن چىققۇچە تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، بۇ يىگىتنىڭ
گۇناھىنى مەلىكىدىن تىلىۋالاي. گۇناھىدىن ئۆتسە ئەجەب
ئەمەس. ئەگەر گۇناھىدىن ئۆتمىسە، مەن بەرگەن سۈتۈمگە
رازى ئەمەس، — دېدى.

— ئەي قىزىم، مەن جاللاتلارنىڭ ساھىبجامال بىر يى-
گىتنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ گۇناھىنى
سىزدىن تىلەيمەن. ئۇنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، — دېدى.

— بۇ يىگىت دېدى، — دېدى مەلىكە، — ماڭا شېئىر
ئېيتىشتا تەڭ كېلەلمىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم.

— ئەي قىزىم، — دېدى ئىنكئانا، تۆت يۈز سەكسەن
ئالتە شاھزادىنىڭ بېشىنى كەستىڭىز، بۇنىڭدىن سىزگە ھېچ
قانداق مەنپەئەت يەتمىدى. ھازىر پۈتۈن ئالەم خەلقى سىزنى
«مەلىكە دىلرىز» دېمەي، «مەلىكە خۇنرىز» دەيدىغان بوپ-
تۇ. نۇرغۇنلىغان ياخشى يىگىتلەرنى ئۆلتۈردىڭىز. قىيامەت
كۈنى ئۇلارنىڭ قىساسىغا قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ سىزگە
بەرگەن سۈتۈمنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇ يىگىتنىڭ
خۇنىنى تۆكمىسىڭىز.

مەلىكە سەنەم ئاغىچا شاھزادە بەھرامنىڭ گۇناھىدىن
ئۆتتى. ئىنكئانا جاللاتلارنىڭ قېشىغا كېلىپ شاھزادە بەھ-
رامنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلدى. شاھزادە ئۆلۈمدىن قۇتۇل-
غىنى ئۈچۈن ئاللاتائالاغا يۈز مىڭ شۈكرى سانالارنى
ئوقۇپ، شەھەردىن چىقتى. دەريا بويىغا بېرىپ غۇسلى تە-
رەپ قىلدى. ئىككى رەكەت شۈكرى نامىزى ئوقۇدى. تەڭ-
رىگە ئۆز ھاجىتىنى ئېيتىپ، باياۋاندا قىرىق كۈن دۇئا-

دىلبەرىمنىڭ قەددى رەشكى سەرۋى مەۋزۇندۇر بۈگۈن،
پاردۇر لەئلى لەبى گويا كى مەيگۇندۇر بۈگۈن.
كەلدى يۈز مىڭ ئادەمنىڭ باشىنى كەسكەن كىشى،
ئەي كۆڭۈل، مەردانە بول ئاشىق ئۆلەر كۈندۇر بۈگۈن.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ قالتىس يىگىت ئىكەن» دەپ ئويلىدى. مەلىكىنىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدىكى، ھەرقانداق بىر كىشى شېئىردا ئۇنى يېڭىۋالاي دېسە، دەرھاللا يۈزىدىكى نىقابىنى ئاچاتتى. مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرگەن ھەرقانداق دانا شائىرمۇ ھوشىنى يوقىتىپ ئەقلىدىن ئازاتتى. بەزىلەر بىھوش بولۇپ يىقىلاتتى. شۇ چاغدا مەلىكە ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى. مەلىكە يۈزىدىكى نىقابىنى كۆتۈردى. شاھزادە بەھرام مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ «ئاھ» دەپ ھوشىدىن كەتتى. مەلىكە: «جاللات» دېگەنىدى، توققۇزدىن ئۇن سەككىز جاللات كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ قولاق، بۇرۇنلىرىنى پۈت ۋە قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىنى ھالقا قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى.

— لەببەي، ھۆرمەتلىك مەلىكەم، كىمنىڭ ئەجىلى يەتتى؟ بۇيرۇق قىلسىلا، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، يەر يۈزىدىن يوق قىلغايمىز، — دېيىشتى جاللاتلار.

مەلىكە تۆت جاللاتقا:

— بۇ يىگىتنى ئېلىپ چىقىپ بېشىنى كېسىڭلار، كېسىلگەن بېشىنى ئاشىقلار مۇنارىغا ئېسىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

جاللاتلار شاھزادە بەھرامنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. يولدا ئۇلارغا مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى ئۇچراپ قالدى.

تۇتۇپ: «كۆزۈڭنى يۇم» دېدى. شاھزادە كۆزىنى يۇمدى. بىر پەستىن كېيىن: «كۆزۈڭنى ئاچ» دېدى. كۆزىنى ئاچتى. شاھزادە بەھرام ئۆزىنى مەلىكىنىڭ چاھار بېغىدا كۆردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام شاھزادە بەھرامغا:

— ئەي بەھرام، بۇ باغدا شېرىن مېۋىلەردىن يەپ تۇرغىن، مەن مەلىكىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىيىت ئوقۇشۇپ ئۇنى ساڭا ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

شاھزادە ماقۇل بولۇپ باغدا قالدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرۈپ، يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر دوك بوۋاينىڭ سۈرىتىگە كىردى. ئاندىن مۇنارنىڭ تۆپىگە چىقىپ كۈمۈش چوكا بىلەن ئالتۇن ناغرىنى شۇنداق چالدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئىسكەندەرنىڭ جەڭ دۇمبىقىدەك شەھەرنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا مەلىكە دىلرىز قەسىر ئىچىدە رومىنىڭ ئېسىل ماتاسىدىن ياسالغان قېلىن كۆرپىلەرنى ئاستىغا سېلىپ، ئالتۇندىن كالۋۇتۇن تىكىپ، باشلىق سالغان تەكىيىگە بېشىنى قويۇپ، زەيتۇن رەڭ كىمخابتىن تىكىلگەن يوتقاننى يېپىنىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ناغرىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— ئەي گۈلئەندام، سىرتقا چىقىپ قاراپ باققىن. يەنە ئەجىلى توشقاندىن بىرسى كەپقالدى بولغاي، — دېدى.

گۈلئەندام سىرتقا چىقىپ كۆردىكى، مۇنارنىڭ تۆپىدە يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرى چوقۇر، ساقاللىرى شالاڭ، بېشى تاز، ئۆزى ئورۇق، قوۋۇزلىرى خۇرجۇندەك، قول - پۇتلىرى مايماق، ئاغزى قىيسىق، كۆزلىرى ئەلەس ئىسكەن. ئۇ بەللىرىنى شوينىدا

تەلەپ قىلىپ يىغلىدى.

قىرىق كۈندىن كېيىن ئاللاتائالادىن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي خەزىنىدارىم خىزىر، رۇم شەھىرىدە ئىسمى مەلىكە دىلئارىز خۇبان سەنەم ئاغىچا ناملىق بىر قىز يار. بۇ دۇنيادا سۆزمەنلىك ۋە شائىرلىقتا ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغان كىشى يوق. سەن بېرىپ ئۇ مەلىكە بىلەن بېيىت ئوقۇشۇپ ئۇنى يەڭگەندىن كېيىن، مەلىكىنى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى بەھرامغا ئېلىپ بەرگىن. سەندىن باشقا ھېچقانداق كىشى ئۇ مەلىكىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېگەن مەزمۇندا پەرمان چۈشتى. خىزىر ئەلەيھىسسالام پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە رۇم شەھىرىگە كېلىپ، شاھزادە بەھرامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ھەزرىتى خىزىر بەھرامنىڭ بېشىنى يەرگە قويۇپ، يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

— ئەي بەھرام، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — بېشىڭنى كۆتۈر.

بەھرام بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆردىكى، ئالدىدا ساقاللىرى ئاقارغان، نۇرانە بىر كىشى تۇرۇپتۇ. شاھزادە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى. ھەزرىتى خىزىر سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن:

— مېنى تونۇدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ھەزرەتلىرىنى تونۇيالمىدىم.

— ئەي بەھرام، مېنى تونۇيالمىغان بولساڭ ئەمدى تونۇۋال. مەن خىزىر پەيغەمبەر بولىمەن. سېنى مەھبۇبىڭنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزگىلى كەلدىم.

شاھزادە بەھرام خۇشال بولۇپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا باش قويدى. ھەزرىتى خىزىر بەھرامنىڭ قولىدىن

باغلىۋاپتۇ. ئۇچىسىغا يەتمىش يەرگە ياماق چۈشكەن بىر كونا جۇۋىنى كىيىپتۇ. بېشىغا بىر جۇل-جۇل قالپاقنى كىيىپ، تىزىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىزلىق، پۇتىغا چورۇق تارتىپتۇ. ئۇنىڭ پايتىمىسى بوۋاينىڭ بىر گەز كەينىدىن سۆرىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ گۈلئەندامنىڭ ئەقلى لال بولدى.

— ئەي بوۋا، — دېدى گۈلئەندام، — بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ھاجىتىڭ نېمە؟ ھەرقانداق مۇراد-مەقسەتىڭ بولسا دېگىن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

— ئەي كېنىزەك، مېنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە ھاجىتىم يوق، ئاڭلىسام مەلىكىنىڭ دانا شائىرلىقى ۋە ساھىبجامال-لىقىنى ئاڭلاپ، ھەرقايسى شەھەر، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن شاھزادە، يىگىتلەر ئاشىقلىق دەۋاسىنى قىلىپ كېلىپ، مە-لىكە بىلەن شېئىر ئېيتىشالماي باشلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ قانخورلۇقىنى ئالەم خەلقى ئاڭلاپ مەلىكىگە خېرىدار بولۇپ كەلمەيدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭغا ياش يىگىتلەر خېرىدار بولۇپ كەلمىگەن بولسا، قېرى بول-سامۇ، مەن خېرىدار بولۇپ كەلدىم. مەلىكىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشى، ئولتۇرۇپ قوپۇشى، ھۆسن-جامالى ۋە گەپ-سۆزلىرى كۆڭلۈمگە ياقسا، ئۇنى ئەمرىمگە ئالاي، ياقمىسا ئارقامغىمۇ قارىماي كېتەي، دەپ كەلدىم، سەن كىرىپ مە-لىكەڭگە خەۋەر قىلغىن، ئوبدان ياسىنىپ ئالدىمغا چىقسۇن، تېز بول.

گۈلئەندام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ قېرى ئەجەب چوڭ گەپ قىلىدىغۇ، ئۆزىنىڭ جېنىغىمۇ ئىچى ئاغرىماي پو ئاتقىنىنى قارا» دەپ ئويلاپ:



سامۇ كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ: «مەلىكىنى چاقىر، مەن
ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ شېئىر ئېيتىشىمەن.
مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالى ۋە خۇي - پەيلى كۆڭلۈمگە
ياقسا ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن» دەيدۇ، — دېدى گۈلئەندام.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ ھوشى كاللىسىدىن چى-
قىپ كەتتى. ياق، مەست ئىدى بەلكى ھوشيار بولدى،
ئۇيقۇلۇق ئىدى ئويغاق بولدى. ئۆتكەن ئۆمرىدىن بىزار
بولدى. قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن چاچلىرىنى چۇۋۇپ،
كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلىدى.

— ئەي گۈلئەندام، — دېدى مەلىكە، — مېنىڭ شان-
شۆھرىتىم پۈتۈن ئالەمگە ئاڭلاندى. تامامى ئالەمدىكى ھەر-
قايسى شەھەرلەردىن، ھەممە ۋىلايەتلەردىن گۈزەل ساھىب-
جامال شاھزادىلەر، نې - نې قەددى - قامەتلىك، ئەقىل-
پاراسەتلىك يىگىتلەر مېنى ئالىمەن دەپ، ئاتا - ئانىسىدىن،
مال - مۈلكىدىن، يۇرت - ماكانلىرىدىن كېچىپ، مېنىڭ ئىش-
قىمدا بېشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. شۇنچە نۇرغۇن يىگىت
ۋە شاھزادىلەردىن ھېچقايسىسى كۆڭلۈمگە يارىمىدى. ئەمدى
بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر قېرى چولاق بوۋايغا
تېگىمەنمۇ؟

— ئەي مەلىكەم، — دېدى گۈلئەندەم، — سىز ئۆيدە
ئولتۇرۇپلا بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىز، ئۆيدىكى مەسلىھەت
بازارغا ئاقماپتۇ دېگەن گەپ بار.

— ئۇنداق بولسا خەزىنىدىكى ئالتۇن كۈمۈش، لەئلى-
جاۋاھىرلاردىن ئېلىپ چىقىپ «بۇلارنى مەلىكەم چىقارتتى»
دەپ ئۇ بوۋايغا بەرگىن. دۇئا قىلسۇن، ئۇ پۇللارغا
نۇرغۇن قىز - چوكانلارنى ئالغىلى بولىدۇ، ئۆمرىنى شۇنىڭ
بىلەن خۇش قىلسۇن، قوپال سۆزلەر بىلەن بوۋاينىڭ كۆڭ-

— ئەي بوۋا، مەلىكىنى ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلما. نۇرغۇن شاھزادىلەر ۋە نى - نى يىگىتلەر مەلىكىنى ئالىمىز دەپ كېلىپ شېئىر ئېيتىشتا مەلىكىنى يېڭەلمەي، باشلىرىدىن ئايرىلدى. سەنغۇ مەلىكىگە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيسەن، — دېدى.

— ئەي كېنىزەك، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — مېنىڭ ۋاقتىمنى ئالمىغىن، مەن مەلىكە بىلەن كۆرۈشمەي بۇ يەردىن كەتمەيمەن. قاراپ تۇرغىن، مەن مەلىكىگە تەڭ كېلەلەمدىم - يوق.

— ئەي بوۋا، ئىشىنىڭ ئاسىنى شۇكى، ئاشقىلىقىنى تاشلاپ، گەدىنىڭنى قاشلاپ، ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە تووۋا قىلىپ، كۆزلىرىڭنى ياشلاپ، قالغان ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزگىن، — دېدى گۈلئەندام.

— دېگەنلىرىڭ راست، لېكىن مەلىكىنى ئالماي بۇ يەردىن كەتمەيمەن. تېز بولغىن. مەلىكىنى چاقىر.

گۈلئەندام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئوسال بولغان ھالدا مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى. مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى:

— ھەي بەتبەخ، نېمانچە ھايال بولىسەن؟

— ئەي مەلىكەم، سىزنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوق، تېخى ماڭا خاپا بولىسىز.

— ناغرىنى چالغان كىم ئىكەن؟ تېزرەك ئېيت.

— چىقىپ قارىسام مۇنارنىڭ ئۈستىدە يۈز - كۆزى چوقۇر، ئاياغلىرى توكۇر، ئۆزى ئورۇق، چېھرىلىرى قورۇق، بىر يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر دومچەك بوۋاي تۇرۇپتۇ. «نېمە ئادەمسەن؟» دېسەم «مەن مەلىكىنى ئالغىلى كەلگەن ئادەم» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە سوغۇق گەپلەرنى قىل-

مەن ئۆزۈمنى بۇنداق قېرى كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايمەن» دېگەن، — دېدى.

— ئەي كېنىزەك، مەن مەلىكىنى چاقىرىپ چىق دېسەم، ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ چىقىپسەن، مېنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشكە ھاجىتىم يوق. مەلىكە خىيالىدا «ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولغاندا خىراجەت قىلارمىز» دەپ ئاتىسىدىن يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ماڭا چىقارغان ئوخشايدۇ. سەن مەلىكىگە ئېيتقىن، غەم قىلمىسۇن، ئۆزۈم ھۈنەرۋەن كىشىمەن. كۈلا - ئارغامچا ئېتىشكە كەلگەندە ناھايىتى سىلىقلىقمەن. قىزىق ئولتۇرسام بىر ھەپتىدە يىگىرمە-ئوتتۇز كۈلا ياسىيالايمەن. بازارغا ئاپىرىپ ساتسام قىرىق-ئەللىك پۇلغا يارايدۇ. ئەگەر مەلىكەم بىلەن بىرگە بولساق، مەلىكەم چىغ سوقۇپ بەرسە، مەن ئېشىپ قېتىپ چىقسام ئوبدان ئولتۇرساق، بىر ھەپتىدە قىرىق - ئەللىك كۈلا - ئارغامچا ياسىيالايمىز. ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ساتساق سەكسەن - توقسان پۇلغا يارايدۇ. ئاندىن مەلىكىگە بىر چاق، ئازراق پاختا ئېلىپ بەرسەم ئىككىيلەن ئوبدان ئۆي تۇتۇپ، ئوقەت قىلساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھۈنەر دېگەن تۈگىنگۈسىز دۇنيادۇر. مېنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشكە ھاجىتىم يوق. مەزلۇم كىشى دېگەن كەم ئەقىل كېلىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاياغ قوشۇقلا چېقىلىپ قالسا، پۇلىنى مىننەت قىلىدۇ. ماڭا مەلىكە كېرەك. ئالتۇن - كۈمۈش كېرەك ئەمەس، دەرھال مەلىكىنى چاقىرىۋەتكىن، — دېدى.

گۈلئەندام:

— ئەي مويسىپىت ئەرەب، مەلىكىنى ئالىمەن دېمىگىن، مەلىكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇ يەردىن كەتكىن، — دېدى.

— ھەي مېنى تولا ھايال قىلماي، مەلىكىنى دەرھال

لىنى ئاغرىتما، ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ قايتۇرغىن. ياشانغانلارغا خىزمەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، — دېدى مەلىكە.

گۈلئەندام خەزىنىدىن بىر خۇرجۇن ئالتۇن - كۈمۈش، لەئلى - جاۋاھىر ئېلىپ چىقىپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەي بوۋا، — دېدى كېنىزەك، — بۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىرلارنى مەلىكەم سىزگە بەردى، مەن مەلىكەمگە سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى يەتكۈزدۈم. مەلىكەم: «مەن يەتتە ئىقلىم پادىشاھىنىڭ قىزىمەن. نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر ۋە شاھزادىلەر مېنى ئالىمەن دەپ كېلىپ شېئىر ئېيتىشالماي بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىدى. بېيىت:

مېنى مەن ئىزدەگەن ئۆز سۆھبەتىغە ئەرجەمەند ئەتمەس،
مېنى ئىزدەر كىشىلەرنى مېنىڭ كۆڭلۈم پىسەنت ئەتمەس.

بۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئالدىغا قويغىن. ماڭا دۇئا قىلسۇن»، — دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— مەن ھەمىشە مەلىكە ھەققىدە دۇئا قىلىمەن.

— يەنە بىر دۇئا قىلىڭىز.

خىزىر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئەي بارا خۇدايا، مەلىكىنى ماڭا پاتراق كۆرگىلى نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دېدى.

گۈلئەندام:

— ئەي بوۋا، مەلىكە: «بۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بوۋايغا بەرگىن. ئۇنىڭغا قىز - چوكانلارنى ئېلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلسۇن، مېنى ئالىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولمىسۇن.

ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— مەن سېنىڭ بۇنداق گەپلىرىڭ بىلەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن. ئۇنداق ئادەم ئۆز ھالىغا بېقىپ تىنچ يۈرسە بولماسمىدى. ئۆزىنى چاغلىماي چاھارباغ بىنا قىلدۇرۇپ، مەيدان راسلىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا مۇنار ياساتتى. مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ناغرا كۈمۈش چوكا تەييارلاتتى. جارچىلىرىغا شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ، «ئەييۇھەنناس...» دەپ جار سالغۇزدى. شۇنداقتىمۇ مەلىكىگە خېرىدار چىقمىغانلىقىنى، ئاڭلاپ، قېرى بولسامۇ بېرىپ كېلەي دەپ كەلدىم. يېشىم يۈز ئەللىككە يەتكەن بولسىمۇ، توي قىلغىنىم يوق. مەلىكىگە خېرىدار بولۇپ كېلىشىمدە ئىككى مەقسىتىم بار: ئۇنىڭ بىرى، مەلىكە بىلەن توي قىلىپ بىر پەرزەنت يۈزى كۆرۈش، كېيىنچە مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ پەرزەنتىم چىرىغىمنى يېقىپ، روھىمغا دۇئا قىلىپ تۇرسا دەيمەن. يەنە بىر مەقسىتىم، ئاڭلىشىمچە يېقىندىن بۇيان مەلىكىگە خېرىدار كەلمەي ئۆزى يالغۇز قاپتۇ دەيدۇ. شۇڭا مەن بولسامۇ مەلىكىگە ھەمراھ بولاي دەپ كەلدىم. ھەي كېنىزەك، ئەمدى مېنى تولا ساقلاتمىغىن، — دېدى.

گۈلئەندام مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكە، خوپ بولدى، — دېدى.

— نېمىگە خوپ بولدى؟

— سىزنى خۇدا ئۇرۇپتۇ، — دېدى گۈلئەندام مەلىكىگە، — شۇنچە نۇرغۇن شاھزادىلەرگە رەھىم قىلماي بېشىنى كېسىپ ئاشىقلار مۇنارىسىغا ئاستۇرۇپ ناھەق خۇن تۆكتىڭىز. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ دەردىدە خۇن بولۇپ ئاللا تائالاغا زارلاپ، يۈزىنى تۇپراققا، بېشىنى سەجدىگە قويۇپ، سىزنى قارغىغان ئوخشايدۇ. سىز ئۇلارنىڭ

چاقىر. نازنى ئاز قىلسۇن. مەلىكىنىڭ بىرەر ئەيىبى بارمۇ-يە؟ مەلىكە پوقاقمۇ، يا چولاقمۇ؟ ياكى قارىغۇمۇ يا تازمۇ؟ ياكى بولمىسا گاچىمۇ؟ ئۇنداق ئەيىبلىرى بولسىمۇ ئادىمغا چىقسۇن. مەن مەلىكىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىنى، ھۆسن-جامالىنى كۆرۈپ، گەپ-سۆزلىرى ۋە بېيىت-نەزمىلىرىنى ئاڭلاپ باقاي. ماڭا ئەرزىگۈدەك بولسا ئۇنى ئالاي، ئەگەر يارىمىسا كەلگەن يولۇم بىلەن ئۆز يولۇمغا يانىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئىسمىنى ھەرگىزمۇ تىلىمغا ئالمايمەن. تېز بول مەلىكىنى چاقىر، مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، قېنى قايسىمىز يېڭىدىكەنمىز. بىر كۆرەي، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام.

— ھەي قېرى ئەرەب، — دېدى گۈلئەندام تېرىكىپ، — سەن بۇ يەردە مىڭ يىل ياتقان بىلەنمۇ مەلىكەم ساڭا تەگمەيدۇ.

— ھەي ئەقىلسىز كېنىزەك، ئىش ئۆتكەندە پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. مەن خەۋەردار بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ھايال بولماي ماڭا تەگسۇن. مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋېرىمەنمۇ؟

گۈلئەندام خاپا بولۇپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا كىردى-دە، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

ئۇنىڭغا: «مەلىكە ئۇخلاپ قاپتۇ، ئەتە كېلىڭ» دېگىن. ئەتىگىچە بىر گەپ بولار. ھازىرچە بولسىمۇ ئۇ قېرىدىن قۇتۇلۇپ تۇرايلى، — دېدى مەلىكە.

گۈلئەندام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي بوۋا، مەلىكەمنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپتۇ، ئەتە كېلىڭ، — دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال

لەرنى قىلغان ھالدا يۈزلىرىنى ئىتقابلاپ چىقىپ كەلدى.
ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كېنىزەكلەرگە قىزىل - يېشىل رەخت-
لەردىن كىيىملەرنى كىيدۈرگەنىدى. مەلىكە مەيدانىنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا بىر ئالتۇن كۇرسى قويدۇرۇپ كۇرسىنىڭ تۆپىسىگە
تەتىللادىن تۆشەكلەرنى سالدۇردى. تۆشەكلەرنى سېلىپ
ھەممە تەق بولغاندىن كېيىن، مەلىكە ئۇنىڭ ئۈستىدە
ئۆزىنى تۈزۈپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، نۇرلۇق ئايدەك ئول-
تۇردى. مەلىكە خۇش ياقمىغان تەلەپپۇزدا:

— ئۇ بوۋاينى چاقىرىڭلار، — دېدى.

كېنىزەكلەر سىرتقا چىقىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي بوۋا سىزنى مەلىكە چاقىرىدۇ، — دېدى.

— مەلىكە چىقتىمۇ؟

— شۇنداق، چىقتى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ھاسىسىغا تايىنىپ بىر دەسسەپ
ئىككى دەسسەپ مۇناردىن چىقتى. ئۇن تۆت ياشلاردىكى
يىگىتلەردەك كۈمۈش كۇرسىغا چىقىپ مەلىكىگە ئۇدۇلمۇ-
ئۇدۇل ئولتۇردى. مەلىكە كۆردىكى، ئالدىدا قېرىپ مۈك-
چىيىپ كەتكەن، شۇنداق كۆرۈمسىز بىر دۈمچەك بوۋاي قىل-
چە ھېيىقماستىن مەلىكىگە كۆز قىسىپ، خىلمۇ خىل قىلىق-
لارنى قىلىپ ئولتۇراتتى. مەلىكە نومۇستىن ئۆزىنى قويىدى-
غان يەر تاپالماي قالدى. قېچىپ كېتىشكە تېخى بولمايتتى.
بۇ ئەھۋالدىن مەلىكىنىڭ ئەقىل ئىدراكى ھەيران، ھوش
كاللىسى سەرگەردان بولدى.

— ئەي بوۋا، سەن قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ بۇ
يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ ئەگەر تەڭلىكتە قېلىپ كەلگەن
بولساڭ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلاي، — دېدى
مەلىكە.

قارغىشىغا ئۇچراپ، ئاخىر ئاشۇ قېرى دوكقا قالغان ئوخ-
شايسىز. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچقانداق ئىلاجى يوقكەن.
سىز ئىلگىرى خىزمىتىڭىزدىن چىقالايدىغان ياش يىگىتلەرگە
بەگمىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى شائىر چاغلاپ، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا
كۆرمىدىڭىز. تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ناھەق خۇن تۆكتىڭىز.
شۇنىڭ بەددىلىگە تەڭرى ئاشۇ بوۋاينى نېسىپ قىلغان بولسا
كېرەك.

مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خىيال دەرياسىغا غەرق
بولدى. چوڭقۇر ئوي - خىياللار بىلەن ئۇنىڭ بېشى ئاي-
لاندى. مەلىكە بىرەر سائەتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست، لېكىن كەلگەن يىگىتلەر
شېئىر ئېيتىشتا ماڭا تەڭ كېلەلمىگەن تۇرسا، ئۇلارنى ئۆل-
تۈرمەي ماڭا نېمە ئىلاج، — دېدى.

گۈلئەندام:

— ئەي مەلىكەم، ئەمدى ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات،
ئۆزىڭىز چىقىپ ئۇ بوۋايغا جاۋاب بېرىڭ، — دېدى.

مەلىكىنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ مەلىكىگە:

— ئۇ بوۋاينى بىر قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىساق
بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ئالدى بىلەن ئۆزۈم چىقىپ نەسىھەت قىلىپ باقاي،
ئاندىن ئۇنىڭ ئامالىنى قىلارمىز، — دېدى مەلىكە.

مەلىكە ئۆزىنى زىننەتلەپ يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرت-
تى. قۇلىقىغا ھالقىلارنى سالدى، رومنىڭ قىممەتلىك ماتا-
لىرىدىن نەچچە قات كىيىملەرنى كىيدى. بېشىغا قاما تۇماق-
نى، پۇتىغا ئىراقنىڭ ئۆتۈكىنى كىيدى. ئاندىن بېشىغا
تاج قاداپ شەمشادتەك ياساندى. توزدەك چىرايلىق يۈرۈپ،
كېيىكتەك شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن يۈز مىڭ ناز كەرەشمە-

بىرنەچچە بېيىت ئوقۇپ ئۇنى مات قىلىش نىيىتىگە كەلدى.
مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاھ مەنۇ ئىشقى ۋە ھالاتىھى،
ئەھرەقى قەلبى بىھەراراتىھى،
ما نەزەرى ئەينى ئىلا غەيرىكە،
ئەقسەمۇ بىللاھى ۋە ئاياتىھى.

— ئەي بوۋا، — دېدى مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — ئەمدى سەن مېنىڭ ئېيتقان بۇ ئەرەبچە بېيىتىمگە تۈركچە بېيىت بىلەن جاۋاب بەرگىن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى بېيىتنى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاھ، نىتەي ئىشقىنىڭ ھالىتىدىن،
كۆيدى يۈرەكىم بۇ ھەرارىتىدىن.
باقسا كۆزۈم سەندىن بۆلەك ئۆزگىگە،
ئان ئىچەيىن تەڭرىنىڭ ئايىتىدىن.

مەلىكە ئۆز كۆڭلىدە «بۇ ئۆزى قېرى كىشى بولسىمۇ زېرەك ئىكەن، ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن قانداق سوئال سورىسام بولار؟» دەپ ئويلىدى. ئاندىن يەنە:

— ئەي بوۋا ئىبرانى تىلىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — ئۆزۈم ئەرەب قەبىلىسىدىن بولىمەن. بىر يۈز ئەللىك ياشقا كىردىم. توي قىلمىدىم. سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى، دانا، شائىرلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى يالغۇز يىگىت چاغلاپ، بېلىمنى چىگە شوينىسى بىلەن باغلاپ، ئوتىڭىزدا يۈرىكىمنى داغلاپ، سىزنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم. كۆڭلۈمگە ياقسىڭىز ئالىمەن، بولمىسا كەلگەن يولۇم بىلەن قايتىپ كېتىمەن.

— ۋاي تووۋا، بۇنداقمۇ چوكچىلىق قىلغان بارمۇ، — دەپ خاپا بولۇپ، مەلىكىنىڭ كۆڭلى ئاينىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا-كەنتلەرگە يەتتى. كىشىلەر: «بىر قويچى بوۋاي بىلەن مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچا بېيىت ئوقۇشقۇدەك. ئۇ بوۋاي مەلىكىنى ئالمەن دەپ كەلگەنمىش، كۆرۈپ باقايلى» دەپ، تەرەپ-تەرەپتىن چاھار باغقا كەلگىلى تۇردى. توزاقچىدىن ئەلەم-مۇفتى، خاتىپ، ئاق سارايدىن قازى قۇززات، مۇنەججىم، ئاقساقال، دېۋە سارايدىن مۇھتەسىپ، مۆتىۋەللى، ئالا قۇمدىن ئىش بېگى، قارا قۇمدىن قوش بېگى، يېتىم ئۆرۈكتىن يۈز بېگى، تاسمىچىدىن مىڭ بېگى، باشاقچىدىن قىرىق بېگى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تۈرلۈك تۈمەن خىل ئادەملەر كەلگىلى تۇردى. مەيدانغا چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار تولدى. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ خىيالغا پاتتى: «بۇ بوۋاي ئەرەب قەبىلىسىدىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك. ئەرەب خەلقى ھىندىستان تىلىغا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھىندى تىلىدا بىرنەچچە بېيىت ئېيتىشىپ باقاي» دەپ بىرقانچە بېيىت ئوقۇدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى. مەلىكە ھەزرىتى خىزىرنى بۇ جەھەتتە ئازدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىدا

ئامالى قالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي قەسىرگە كى-
رىپ كەتسەم ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. بىراق
ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دېسەم، ئۇ قېرى ئىكەن، مەن
شۇنچە ياش شاھزادىلەرنى رەت قىلدىم. خاتالىق مەندىن
ئۆتۈلدى، مۇشۇ ئاغزىمدىن بالاغا قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭ
بىلەن تۈركىي تىلدا بېيىت ئوقۇشۇپ باقاي، چۈنكى ئەرەب
خەلقى تۈركىي تىلغا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇ مەن بىلەن بېيىت
ئوقۇشالماي كېتىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس» دەپ، بۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، ئەيلەمەگىل ئەيشۇ تەرەب،
بىر كۇشەدە ياتىپ ئەيلەگىل ھەقنى تەلەب.
فارسىنى مەگەر ئىزىپ ئىچىسەنكى، بابا،
تىلىڭ تۇتۇلۇر تۈركىيگە ئەي پىرى ئەرەب.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىم ماڭا دۇچار بولسا قۇتۇلماس ھەرگىز،
ھېچ تىلغا مېنىڭ تىلىم تۇتۇلماس ھەرگىز.
بىر بوسە لەئلى لەبىڭدىن تاتسام،
تا دەۋرى قىيامەتغىچە ئۇنۇتۇلماس ھەرگىز.

مەلىكە سەنەم ئاغىچا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەتكىل، بابا، نېرى قاشىمدىن ئەمدى،
ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن ئاتىڭ تۇتۇرمەن ئەمدى.
سەن كىم، ماڭا ھەزل قىلىپ سۆزلەرسەن،
ئەي پىرى مۇشەخخەس، ئولتۇرۇرمەن ئەمدى.

— ئۇنداق بولسا ئىبرانى تىلىدا بېيىت ئوقۇپ باققىن، — دېدى مەلىكە.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىبرانى تىلىدا ناھايىتى راۋان ھەم قىزىقارلىق بېيىتلارنى ئوقۇپ، ھەممە خالايىقنى ھەيران قالدۇردى. مەلىكە خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي بوۋا، مەن ئەمدى پارس تىلىدا بېيىت ئوقۇيمەن. بۇنىڭغا ئاجىز كېلىسەن، شۇڭا بۇ يەردىن كەتكىن، — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىسىز، پارس تىلىدا بېيىتنى سىزدىن ياخشىراق ئوقۇيمەن.

مەلىكە پارس تىلىدا بىر نەچچە بېيىت ئوقۇغانىدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئاخىر مەلىكە مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى:

— ئەي بوۋا، ساقىلىڭ ئاقىرىپ يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، سېنىڭ يىگىتلىك قۇياشىڭ مەغرىب زىندانىغا چۈشۈپ بوپتۇ. سەن ئەمدى ئىشق دەۋاسىنى قىلماي، ياشلىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىڭغا تووۋا-ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاخىرەتنىڭ غېمىنى قىلغىن.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — مېنى قېرىپ قالدىڭ دېگىنىڭ توغرا، لېكىن مەن مۇشۇنچە ياشقا كىرگەن بولساممۇ، ئۆيلەنگىنىم يوق. قېرىغان ۋاقتىمدا بولسىمۇ، سەن بىلەن توي قىلىپ پەرزەنت يۈزى كۆرەي، دەپ كەلدىم.

مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «بۇ قېرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچقانداق

يوقتۇر بۇ جاھاندا مەن كەبى لالە ئۇزرا،
شەمشاد قەدى زى قامەتى گۈل رۇخسار.
ئاسانلىق بىلە ساڭا مۇيەسسەر بولماسمەن،
كۆكسۈمدەكى بۇ گۆھەر بەھاسى جۇفتى ئانار.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆكسۈڭدەكى قوش ئانارىدىن ئەنجىر خۇب،
زۇلفىڭدىن ئاياغ باغلاغىلى زەنجىر خۇب.
ئۇچامنى قاشلاپ، ئۆزۈمگە قايىماق بىرەدۇر،
سەندىن، ئەي قىز، يۈز ياشاغان كەمفىر خۇب.

مەلىكە خاپا بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆپ سۆزلەمەگىل كۆڭلۈم مېنىڭ پۇر غەمدۇر،
ئالەم نەزەرىمگە خانەئى ماتەمدۇر.
ئازىپسەنكى، بابا، سۆزۈڭنى بىلمەي ئايتۇرسەن،
باشىڭنى كېسىپ، تىرەڭنى سويسام كەمدۇر.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىر جاندىن بۆلەك، ئەي ماھ، دېگەن جانىم يوق،
يەر چېھرەسى؟ ۋەك ئالغۇچەلىك قانىم يوق.
بوينىڭغە قولۇمنى سالىپ قىرىغان چاغدا،
ۋەسلىڭگە يېتىپ ئۆلسەم ئارمانىم يوق.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز، ساڭا ھەزىلنى قاتماق لازىم،
ۋەسلىڭ بېغىغا قولنى ئۇزاتماق لازىم.
ۋەسلىڭ بېغىنىڭ گۈلشىنى بولسە مۇيەسسەر،
كۆڭۈلنى قىلىپ شاد، غەمنى ئۇزاتماق لازىم.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆكسىڭنى نىشانە قويۇپ ئوق ئاتماق لازىم،
قولۇڭنى تاش ئاستىدا قويۇپ ئۇشاتماق لازىم.
سەن كىمسەنۇ مېنىڭ ۋەسلىمنى تىلەرسەن،
بۇرنۇڭنى تېشىپ قوشچىغا ساتماق لازىم.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆكسۈمنى نىشانە قىلىپ ئوق ئاتماق خوب ئەمەس،
قولۇمنى تاش ئاستىغا قويۇپ ئۇشاتماق خوب ئەمەس.
دەئۋايى مۇھەببەت بىلەن كەلگەن كىشىنى،
بۇرنىنى تېشىپ قوشچىغا ساتماق خوب ئەمەس.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قېرىغاندا كىشىنىڭ بالۇ پەرى يوق قۇشدەك،
كېچەسى ئۇيقۇسى كەلمەس مېگەسى يوق قۇشدەك.
قېرى كىشىدىن ھېچقاچان يارنىڭ دىلى خوش بولماس،
تىشىنىڭ مەۋسۇلى يوق، مانتۇ، قولۇ ئاش بولماس.

سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ كىشى مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس» دېگەن، شۇڭا سىزنى ئالماي كەتسەم سۈننەتنى تەرك قىلغانلىق بولىدۇ، — دېدى.

مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نومۇس قىلىپ. خەلقى ئالەم ئالدىدا خىجىل بولۇپ يۈزلىرىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ چېچىلغان هالدا:

— ۋاي تۇۋا، نېمە بالاغا قالدىم؟! ئەي بوۋا، مەن ساڭا شۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلسام ئاڭلىمىدىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىدىغان بولدۇڭ، — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — نېمە بولسا مەيلى. لېكىن سىزنى ئالماي بۇ يەردىن هەرگىز كەتمەيمەن. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسىڭىز، سىز بىلەن بىر يەردە يېتىپ ئۆلەي. مەندەك قېرىدىن قۇتۇلۇش قىيىن. توي قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. مەندەك قېرىغا ئىزا-ئاھانەت قىلساڭ ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىقى سۆزىگە ئۇلاپلا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز. قىلما مېنى بۈگۈن نامەھرەم.
غەم تىغى بىلە تىلىنماسۇن كۆڭلۈم.
ساقال ئاقارىپ، ئۆزۈم قېرىغان بولسام،
پات كەلگىن قاشىمغە، يىگىتتۇر كۆڭلۈم.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دەرۋازەئى ئۆلۈم سېنىڭ سارى ئېچىلادۇر،
مۇندىن، ئەي بابا، ساق كېتەرىڭ كىم بىلەدۇر.

ئەي پىرى ئەرەب، تاڭلا كېلىپ نان تىلەگىل،
ئەنجامى سەھەر تەبئى پەرىشان تىلەگىل.
گۆر ئاغزىغە يېتىپدۇر ئاياغىڭ، ئەي قېرى چال،
ئۆتكەن گۇناھىڭنى ياد قىلىپ، ئىمان تىلەگىل.

مەلىكە كۆڭلىدە: «ۋادەرىخ، نېمە بالاغا قالدىم، بۇ قېرىنى ھېچنېمىنى بىلمەس دېسەم، ئەرەبىي، پارسىي، تۈركىي، ئىبرانىي، ھىندىي تىللىرىنىمۇ بىلىدىكەن، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قىينالماي مەن بىلەن بېيىت ئېيتىشتى. ھېچ ئىشتا ئاجىز كېلىدىغاندەك ئەمەس، تېخى بارغانسېرى شاشلىشىپ، مېنى خاپا قىلىۋاتىدۇ. بۇ قېرىنى مات قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، قېنى ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

— ئەي قېرى ئەرەب، — دېدى مەلىكە خىزىر ئەلەيھىسسالامغا، — مەن بىلەن بېيىت ئوقۇشۇپ ھارغانسەن. مېنىڭ يەنە نۇرغۇن بېيىتلىرىم بار. سەن ئاجىز كېلىسەن. ئاخىر بېشىڭنى كېسىپ، ئاشقىلار مۇنارىغا ئاستۇرىمەن. ياخشىسى كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، بۇ يەردىن كەتكىن. بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ كۈنىڭ سېرىقىنى كۆرگىن.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — مەن سىزنى ئالماي بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن. ئەگەر سىزنى ئالمىسام، سۈننەتنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىك بولىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: «نىكاھ دېگەن مېنىڭ ئۇلۇغ سۈننىتىمدۇر. ھەر قانداق بىر كىشى مېنىڭ

مەكتەب يۈزىنى كۆرمەپسەن، ئەي پىرى ئەرەب،
ئوقۇماپسەن، ئوقۇماپسەن، ھېچ نېمەنى بىلمەيسەن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

موللامەن ھەم كالامى رەببان بىلەمەن،
«شەرھىمۇللا»، مەئىنىسى «قۇرئان» بىلەمەن.
كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە بۇ ئەرەب ئامىي دەپ،
«بوستان»، «شەبىستان»، «مۇئەممان» بىلەمەن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەسلا بۇ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلماسمەن،
نامە نەسەبىڭنى، ئەي ئەرەب، بىلمەسمەن.
مىڭ ھۆر ئىشىكىمدە، يۈز مىڭ قۇل بار،
سېنىڭدەك دوك بابانى بىر پۇلغا ھەم ئالماسمەن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تىللايسەن ئەمدى سۆز ئىشىتكىل مەندىن،
بارىنى دېگىل، ئەرتە مېنى تىللىغانىڭدىن.
يوقتۇر بۇ جەھاندا سەندىن ئۆتۈپ قارغىش قاپى،
يۈز ئەللىك شاغان كەمغىر ئارتۇق سەندىن.

مەلىكە بۇ بېيىتلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى. نومۇس قىلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى. ئۇ: «بۇ قېرىدىن قانداق قىلسام قۇتۇلارمەن، ئۇنىڭغا قانداق نەس باسقان كۈندە يولۇققاندىمەن.» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

«پات كەلگىن قاشىمغا» دەرسەن، ئەي قىرى دوك،
مۇشەخخەس ئەمدى باشىڭ ئۆلۈمگە كىتەدۇر.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

غەم تىغى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىلۇرمەن،
يولۇڭدا ئۆلۈرمىنى، ئەي خىنىم، خوپ بىلۇرمەن.
سەن لەئىلى لەبىڭدىن ماڭا بىر قەند بەرسەڭ،
ۋەللاھكى دىلۇ جانىمنى تەسەددۇق قىلۇرمەن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، يىغلا، ياشىڭ كۆل بولسۇن،
دەئۋايى مۇھەببەتتە يۈزۈڭ ھۆل بولسۇن.
نە ياخشى يىگىتلەر مىنى كۆرەلمەي ئۆلدى،
سەندەك لەغنە دوك باباغە يول بولسۇن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەرچەند سىنىڭ ۋەسلىڭگە مەن تويمايمەن،
بىر زەررە بۇ تىللاغانىڭنى ئار ئەتمەسمەن.
ئاچچىقلاپ مىنى بۇ يەردىن كەتكىل دەرسەن،
تا مەن سىنى ئالماي ھەرگىز كەتمەسمەن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەن نادانسەنۇ بىدئەت ئىشنى بىلمەيسەن،
چۆللەردە يۈرۈپ قائىدەنى كۆزگە ئىلمەيسەن.

— ئەي بوۋا، ئەقىل - پاراسەتتە ھەقىقەتەن تەڭداشسىز ئىكەنسەن. ئەمدى مېنىڭ «سەنەم ئاغىچا» ئېتىمنى بېشىمدىكى گۆھەر كۆزلۈك تاج ئۇتىغىتىمغا قوشۇپ، بېيىت ئوقۇپ باققىن، — دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ياخشى سېچەك باغلاردە،
نېئمەت ئېرۇر باغلاردە.
بىز كۆرۈشۈر چاغلاردە،
مەن قىرىغان چاغلاردە،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

ئەيلەمەگىل بىزگە جەفا،
سەن خېنىم سېنەمگە دەۋا،
سۆھبەتىڭگە بولسام رەۋا،
بىر جانىم بار سىزگە فىدا،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

زۇلفۇڭ بىلەن باغلارسەن،
مېنى تەمام ياغلارسەن،
زۇلىم ئىشىن چاغلارسەن،
مېنى بۇندىن قوغلارسەن،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مەن كەلدىن شۇندىن رۇمچىگە،
مەن كۆيەدۇرمەن گۈلچىگە،
نىمە خەفا قىلۇرسەن مۇنچىگە.

ئەي بابا، مەيدانغا كەلدى خەلقى ئالەم بىھەد،
دەرۋىشۇ داۋۇرغە غەنىيۇ زاھىدۇ نىكۇ بەد.
بىر سۆزۈمگە تاب كەلمەيىن كەتتى بارى،
سەن مۇردە كەبى بىشەمۇەش شەلغەم مەد.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز، نېمىگە مېنى موھتاج ئەيلەرسەن،
بىزلەرنى گەدا، ئۆزۈڭنى تاج ئەيلەرسەن.
لېكىن ماڭا ئەرنىڭ لازىمى يوق دېمەگىل،
بىھۇدە ئۆتەر ئۆمرۈڭ، نە ئىلاج ئەيلەرسەن.

بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە خاپا بولغان ھالدا:

— ئەي بوۋا، ئەمدى ھارغانسەن، بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىن، — دېدى.

— ئەي مەلىكەم، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — كونىلاردا «ئىشنى كاداڭدىن، ئۇنىنى باداڭدىن سورا» دېگەن گەپ بار. مەن تېخى ھارمىدىم. سىزنى ئەمرىمگە ئالماي بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن. ئەگەر ئۆلتۈرسىڭىز سىز بىلەن بىر يەردە يېتىپ ئۆلىمەن. سىزدىن باشقا بىرسىگە قارىمايمەن. مەندەك بىر دوك سىزدەك مەلىكىنى قانداقمۇ تاپالايدۇ. مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن. نەزمە:

مەندەك دوك بابادىن قۇتۇلماق بەسى مۇشكۇل،
توي نەغمەسىدە ئۇسسۇل قىلماق تېخى مۇشكۇل.

مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ قېرىنىغا بىرنى دېسەم ئۇنىنى دەۋالىتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلسام بولار» دەپ ئويلىغاندىن كېيىن:

يول يۈرۈشى كەكلىكدۇر،
سەنەمخان گۈل رەڭلىكدۇر،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

تەمام قىزلار تۇرۇشى،
يېڭى يۇمغاق ئۇرۇشى.
يېپنى قومۇشغە تۇرۇشى،
سەنەمخانىنىڭ يۈرۈشى،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

بۇنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ يېنىدىكى كېنىزەكلەر كۆلۈشۈپ كەتتى، بارچە خالايىق ھەيران قېلىشتى.

مەلىكە كۆڭلىدە: «ئەمدى بۇ بوۋايغا يۈزۈمنى كۆرستەي، تاقەت قىلالماي مەغلۇپ بولسۇن، ئاندىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلاي، ھەممە كىشىگە ئىبرەت بولسۇن.» دەپ يۈزىدىن نىقابىنى كۆتۈردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام مەلىكىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇبارەك تىللىرىنى چىقاردى. مەلىكە بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا كېرەك» دەپ، بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، خىزىرمۇ سەن، راست ئېيتقىل،
سۆزۈڭ بارىنى ئەمدى ماڭا ئۇقتۇرغىل.
مەن سېنى تونۇمايىن بىئەدەبلىك قىلدىم،
ھەر نېچە خەتالىق ئۆتتى ئانى كەچۈرگىل.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

کۆزگە ئىلمادىڭ بىر پۇلچىگە،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

بويلارى گۈلدەك سەنەم،
يۈزلەرى ئايدەك سەنەم.
كۆزلەرى چولغان سەنەم،
لەبى لەئل رەڭ سەنەم.
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مەن سىنى كۆرگەن چاغدا،
ناغرىنى چالغان چاغدا.
كۈلۈپ ئۈينىساق بىز باغدا،
بىزلەر كۆرۈشكەن چاغدا،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مەرھەم ئىيتىپ باغرىڭ ياق،
چىنى تۇتۇپ بەرگىل ئاياق،
رەڭگى يۈزۈڭ سۈتدىن ئاق،
مۇنچە ئەلەم مۇنچە فىراق،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مۇنچاقى ئالتۇن ئاغاناق،
ئالدىدا چىقتى بۇخاناق،
مەي ئىچىبان بولماي ساق،
ئاھ سەنەمۇ ئاھ فىراق،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

يارى قىزىل ئەتلىكدۇر،
بىزگە ئەجەب تەتلىكدۇر.

ئەلەيھىسسالام يىگىت قولدىشى بولدى. تويغا كەلگەن مېھمان-لارنى ئۆز لايىقىدا رازى قىلدى. توي ئاخىرلاشقاندا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىلياس ئەلەيھىسسالام كۆزدىن غايىب بولدى. ھەممە خالايىق بۇ ئىشقا ھەيران قالدى. ئادىل پادىشاھ مەلىكە بىلەن شاھزادىگە ئوردا ئىچىدە بىر ھۇجرا تەييارلىتىپ بەردى. ئۇ ئىككىسى مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ، مەقسەتلىرىگە يەتتى. ئاخىرقى ئۆمرىنى پادىشاھلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

[بۇ داستان ھىجرىيە 1319 - (مىلادى 1901 — 1902) يىلى خوتەن قارىقاش ناھىيە جايتېرەك كەنتىدە كۆچۈ-رۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.]



سەن تونۇماساڭ ئەمدى ئېرورمەن خىزرى،
سەندەك كىشىنى يولغا سالغان خىزرى.
بىلمەي قىلغان بىئەدەبلىكنى ئەپۇ ئەتمەك ئۈچۈن.
ئالەمدە ھەممەگە نەزەر سالغان خىزرى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام بېيىت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — مېنى تونۇمىغان بولساڭ ئەمدى تونۇغىن. تەڭرىنىڭ خەزىنىچىسى، ھەزرىتى مۇسانىڭ ئۇستازى، ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى ھەزرىتى خىزىر دېگەن مەن بولىمەن.

مەلىكە ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا تەختتىن چۈشتى. ئۇ، خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام، مەن ئۆزلىرىنى تونۇماي ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. گۇناھىمنى كەچۈرۈشلىرىنى سورايمەن، — دەپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، گۇناھىنى تىلىدى.

— بارىكاللا، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — سېنى ئۇلۇغ تەڭرىم مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن. ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە بەھرامغا قوبۇل قىلغايسەن. مەن ئۆزۈم نىكاھ قىلاي.

مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچا «خوش، بولغاي» دەپ جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. رۇم پادىشاھى ئادىل شاھ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ناھايىتى خۇش بولدى. پادىشاھ ھەزرىتى خىزىر بىلەن كۆرۈشۈپ شاھزادە بەھرامنى چاقىرتقۇزدى. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كۈن توي قىلىپ مەلىكىنى بەھرامغا بەردى. ھەزرىتى ئىلياس

责任编辑：阿布都肉苏里·吾马尔
编辑：买买提吐尔地·米尔扎艾合买提
封面设计：加拉利丁·巴合拉木

维吾尔民间长诗（4）
乌鲁木齐市少数民族古籍搜集整理出版
规划领导小组办公室组织整理
艾合买提·伊米提
牙森·孜拉勒
整理

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32开本7.625印张
1993年7月第1版 1993年7月第1次印刷
印数：1——4,000

ISBN 7-228-02131-2/I·812 定价：2.50 元